


# لۇتۇن

# لۇتۇن

– لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بالىلىق ۋە
ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى ھەققىدە ھېكايىلەر



www.uyghurkitap.com

# كىتاب ھەققىدە

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى، قەھرىمان شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1922 - يىلى 16 - نويابىر تۇغۇلغان. ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرى نىلقىدا ۋە غۇلجا شەھىرىدە ئۆتكەن. خەلقىنى جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ ئەركىن ھاياتقا ئىگە قىلىش ئارزۇسىدا 1939 - يىلى غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن. دارىلمۇئەللىمىننى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، گېزىتتە خىزمەتكە ئورۇنلاشقان ۋە مەخسۇس بەت ئېچىپ، ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابچىلارنى توپلاپ كۈرەشنى قانات يايدۇرغان. شۇ سەۋەبلىك، 1943 - يىلى ئاقسۇغا سۈرگۈن قىلىنغان. ئاقسۇدا پائالىيىتىنى توختاتماي «ئاقسۇ گېزىتى»دە «جەنۇب شامىلى» ناملىق ئەدەبىي بەت ئېچىپ، ئەتراپىغا ئىلغار زىيالىيلارنى ئۇيۇشتۇرغان. بۇ دەل غۇلجىدا ئىنقىلاب پارتلاپ، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى ئازاد قىلىش كۈرىشى باشلانغان ۋاقىت ئىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ مۇنىردىن غوجا قاتارلىق زىيالىيلار بىلەن بىللە «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى»غا ماسلىشىپ، قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلغان. خائىنلارنىڭ ساتقىنلىق قىلىشى بىلەن قولغا ئېلىنىپ، 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شېھىت قىلىنغان. بۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 23 ياشقا كىرگەنىدى.

www.uyghurkitap.com

«لۇتۇن» لۇتپۇللانىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى ئەركىلەتمە ئىسمى. بۇ كىتابتا ئۇنىڭ ئاجايىپ مەنىلىك ئۆتكەن بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرى سۆزلىنىدۇ.

بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى تۇرسۇن ئەرشىدىن بولۇپ، كىتابنى 1980 - يىلى غۇلجىدا يېزىپ، 1983 - يىلى ئۈرۈمچىدە قايتا تۈزەتكەن. 2015 - يىلى يېڭى نەشرىدە يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتىلگەن.

2021 - يىلى ئاپتورنىڭ ئەسلىي كىتابنىڭ مەزمۇنىغا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا، ئۆزگەرتىلگەن، بۇرمىلانغان مەزمۇنلار تۈزىتىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىسمى ۋە بەزى تارىخىي ئاتالغۇلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، قايتا بەتكە تىزىلدى. ئەسلىي ئاپتورنىڭ بۇ نۇسخىدىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقتۇر. مۇھاجىرەتتىكى بالىلىرىمىزنىڭ ئۆز قەھرىمانلىرىمىزنى توغرا تونۇشى ۋە ئۇلارنى ئۈلگە قىلىشى ئۈچۈن قىلىنغان بۇ خىزمەتكە مېھنىتى سىڭگەن ھەربىرەيلەنگە كاتتا ئەجىر تىلەيمىز.

# مۇندەرىجە


تۇغۇلۇش ........................................................ 1
ساۋات چىقىرىش........................................................ 5
ئويۇن ۋە ئويۇنچۇقلار........................................................ 9
تاقىر چوققا........................................................ 14
ئىجادىي رەسىم ........................................................ 19
مەنىلىك ناخشا ........................................................ 22
ھەيرانلىق ........................................................ 26
بىلىم ئاشۇرۇشقا بەل باغلاش ........................................................ 30
مەكتەپكە كىرىش........................................................ 39
تۇنجى بىرىنچى سىنىپتەبىر........................................................ 43
رەسسام تاللاش........................................................ 47
يېڭى تام گېزىتى........................................................ 54
ياردەم........................................................ 63
ئەڭ مۇھىمى تەرتىپ ........................................................ 69
كىتاب بىزنىڭ دوستىمىز، ئۇنى ئاسراش بۇرچىمىز........... 74

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«ئەكەلگىنە تاماكاڭنى» كومېدىيەسى ............................ 80
غەزەپ ........................................................ 86
يول تېپىش .................................................... 94
ئوتتۇرا مەكتەپتە ............................................. 102
شائىرنىڭ پىرى ................................................ 108
بەس - مۇنازىرە ............................................... 112
بىلىمسىز پاسون، جانلىق ھەيكەل ................................ 118
ئۆچرىشىش ..................................................... 127
ئارزۇ يولىدا ................................................. 132
ئىمتىھان كۈنلىرىدە ........................................... 137
ئاخىرقى ھەدىيە ............................................... 145

# تۇغۇلۇش

تېخى تۇنۇگۇنلا تام تۈۋلىرىدە
توپىغا مىلىنىپ
مەن ئىدىم، دوستۇم،
ئويناپ يۈرگەن مۇتەللىپ.

( لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «كۈرەش ئىلھامى» دېگەن شېئىرىدىن)

غۇلجا شەھىرىدىن شەرققە قاراپ ئىككى يۈز چاقىرىمدىن ئوشۇقراق يول يۈرسىڭىز، ئەتراپى قاتمۇقات تاغلار بىلەن ئورالغان گۈزەل بىر ماكانغا كېلىسىز. بۇ ماكاندىكى ئاشۇ تاغلارنىڭ ئېرىگەن قار سۇلىرىدىن، شىپالىق بۇلاقلىرىدىن ھاسىل بولغان ئۆركەشلىك بىر دەريا بۇككىدە توقايلىقلار ئىچىدە لىغىرلاپ ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇ قۇياش نۇرىدا سىمابتەك تاۋلىنىپ، شەرقتىن غەربكە ئۆتىدۇ. پۈتكۈل ۋادىغا ئاجايىپ گۈزەل ھۆسن بېرىپ تۇرىدىغان بۇ ئەزىم دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدا سان - ساناقسىز مال - چارۋىلار يايلاپ يۈرىدۇ. تاغلىرى كۆككە بوي تارتقان باراقسان قارىغايلار، ئارچىلار، تاغ تېرەكلىرى ۋە ئېرەنلەر بىلەن تولغان بۇ ماكاندىن مېۋىلەرنىڭ ھەممە خىللىرى تېپىلىدۇ. بۇ يەردە يەنە بۇغا - مارال، ئارقار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى



ئۇلار ۋە باشقا قىممەت باھالىق ياۋايى ھايۋانلار ياشايدۇ. ئاستى خىلمۇخىل مەدەنلەر بىلەن تولغان، ئۈستى بۈككىدە گۈلباغلار بىلەن پۈركەنگەن بۇ ماكان ئىلىنىڭ نىلقا ناھىيەسى. نىلقا ئۆز تارىخىدا نۇرغۇنلىغان ئەلسۆيەر ئەزىمەت ئارسلانلارنى، ئازادلىق، ھۆرلۈك ئۈچۈن چېلىش قايناملىرىغا ئۆزىنى ئاتقان شىر يۈرەك قەھرىمانلارنى، يالقۇنلۇق شائىرلارنى يېتىشتۈرگەن.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلانى، قەيسەر جەڭچى، ۋەتەنپەرۋەر شائىر، شېھىت لۇتپۇللا مۇتەللىپمۇ مانا شۇ يەردە تۇغۇلغان. بىراق، لۇتپۇللا مۇتەللىپ دۇنياغا كۆز ئاچقان مەزگىلدە ئۇ زېمىن ھازىرقىدەكلا زۇلمەت ئىلكىدە ئىدى. نىلقا ئاسمىنىدا قارا قۇيۇنلار ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى...

قەھرى بىلەن چىقىۋاتقان قارا بوراننىڭ ئۇشقىرتىشلىرى چىلبۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىشىنى ئەسلىتەتتى، گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆككەن يېزىنىڭ ھەممە ئۆيلىرىدە چىراغلار ئاللىقاچان ئۆچكەن، جاھان ماتەم لىباسىنى كىيگەندەك ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان ئىدى.

مەھەللىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى بىر ئۆيدە نېمە ئۈچۈندۇر بۇ كېچىسى چىراغ تېخى ئۆچمىگەنىدى. بۇ ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي ئادەتتىكى يېزا ئۆيلىرىدىن پەقەت سەللا كۆتۈرۈپ سېلىنغانلىقى بىلەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۆينىڭ ئەتراپى سوقما تاملار بىلەن قورشالغان. تالدىن توقۇلغان ئەگمە ئىشىك ئالدىدا ئىككى تۈپ يوغان سۆگەت، سەل نېرىسىدا تۈمۈرچىخانا ۋە ئۇنىڭ ئات

تاقىلايدىغان دارى بار ئىدى.

كەچ كۈزنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى، قىش بىلەن ئالماشقان ئاشۇ كۈنى، تۈن بويى چىرىغى ئۆچمەي چىققان ئاددىيغىنا بۇ يېزا ئۆيىدە ئېغىر ھارغىنلىقتا ۋە غەپلەت ئۇيقۇسىغا پاتقان ئەلنى ئويغاتماقچى بولغاندەك دۇنياغا يېڭىلا كۆز ئاچقان بوۋاقنىڭ ئۇرۇپ - ئۇرۇپ قىقىرىغان ئاۋازى كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، ئۇزاق - ئۇزاقلارغا ياڭراپ كەتتى.

بۇ دەل 1922 - يىلى 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تاڭ سەھەر ئىدى. ئۆينىڭ ئىگىسى بۇ يۇرتنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى مۆتىۋەرلىرىدىن بىرى بولغان ھېزىمئاخۇن دېگەن كىشى ئىدى.

ھېزىمئاخۇن ئاق سېرىق، دوغىلاق كەلگەن، ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم بولۇپ، كېيىنچىرەك نىلقىدىكى چوڭ مەسچىتكە ئىمام ھەم خاتىپ بولغانىدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئاق يۈزلۈك، قاڭشارلىق، چىرايلىققىنا ئايالى مەلىكىخان تۆتىنچى پەرزەنتىگە ئاتا - ئانا بولغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ تۇنجى ئوغلى ئىدى. بۇنىڭدىن بەك خۇشاللانغان ھېزىمئاخۇن بوۋاقنى قولىغا ئېلىۋېلىپ: «ئوغلۇم!»، «مېنىڭ ئوغلۇم!» دەپ بىرنەچچە رەت بېشىدىن يۇقىرى كۆتۈردى. ئۇنىڭ بۇ جاراڭلىق ئاۋازىغا چوڭقۇر ئاتىلىق مېھرى ۋە شادلىقى جەملەنگەنىدى. ئۆيدىكى چوڭ - كىچىكلەرمۇ بۇ يېڭى مېھماننى قوللىرىغا ئېلىشىپ، باغرىلىرىغا بېسىشتى...

ھېزىمئاخۇن ئوغلىغا ئىسىم قويۇشتىمۇ كۆپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئويلاندى، گويا خاسىيەتلىك ئىسىملار قويۇلغاندا، شۇ ئادەمدە ئاللىقانداق بىر خاسىيەتلىك خۇسۇسىيەتلەر پەيدا بولۇپ قالىدىغاندەك كىلاسسىك كىتابلاردىن ئىسىم ئاختۇردى، تاپقانلىرىنى مەلىكىخانغا ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايتتى. تېززەك ئىسىم قويۇشقا تەقەززا بولغان مەلىكىخان ھەممىسىگىلا: «بولىدىكەن، قەۋەتلا چىرايلىق ئىسىم ئىكەن» دەپ جاۋاب بېرەتتى. بىراق، ھېزىمئاخۇن ئۇلارغا قانائەت قىلماي يەنە ئىسىم ئىزدەشكە باشلايتتى.

بوۋاق تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈن بولغاندا ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان ئىسىم بېكىتىلدى، ھېزىمئاخۇن يۇرتىنىڭ چوڭلىرىنى ئۆيىگە چاقىردى. ئۇ ئۆز ئوغلىنىڭ خۇددى ئۇلۇغ شائىر «لۇتفى»دەك ئادەم بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ لۇتفى (ياخشىلىقى، مەرھەمىتى) مەنىدىكى «لۇتفى ئاللاھ» دېگەن ئىسىمنى مۇۋاپىق كۆرگەنلىكىنى بايان قىلدى. بۇ ئىسىم كۆپچىلىكنىڭ «بارىكاللا»سىغا ئېرىشتى.

ھېزىمئاخۇننىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى مۇتەللىپ ئىدى، شۇنىڭ بىلەن، كېيىنرەك «لۇتپۇللا مۇتەللىپ» دېگەن نام بارلىققا كەلدى.

# ساۋات چىقىرىش

**ئالىي بىزنىڭ تىلەكلەر، ئىشچان، باتۇر بىلەكلەر،**
**دائىم ئالغا ئىنتىلىدۇ دولقۇنلاپ ياش يۈرەكلەر.**

(لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ « بىز ئۇيغۇر ئوغۇل - قىزلىرى» دېگەن شېئىرىدىن)

كۈنلەر، ئايلار تېز - تېز ئۆتۈۋەردى، يىللارمۇ ئۆز يولى بىلەن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يېڭىلىنىپ تۇرۇۋەردى، چوڭلار ئەركىلىتىپ چاقىرىدىغان «لۇتۇن» ساغلام، تېتىك، زېرەك بولۇپ ئۆسمەكتە ئىدى.

ھېزىمئاخۇننىڭ ئائىلىسىدە لۇتۇندىن كېيىن يەنە بىر قىز بىلەن بىر ئوغۇل تۇغۇلدى. لۇتۇن ئاپىسى بىلەن ھەدىلىرىنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا يېتىشەلمەيۋاتقانلىقىنى، دادىسىنىڭ تالا ئىشلىرىدىن ئېشىنالمايۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە، كۆپىنچە كىچىك ئۇكىسىغا قارايتتى، ئۇنىڭغا ھەر خىل ئەپچىل ئويۇنچۇقلارنى ياساپ بېرەتتى، ئۆينىڭ يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىنىمۇ چەبدەسلىك بىلەن ئورۇنلايتتى.

لۇتپۇللا كىچىكىدىن تارتىپلا ھېكايە، چۆچەك،

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ناخشا - ساز ئاڭلاشقا ئامراق ئىدى.

لۇتپۇللانىڭ چۆچەك ئاڭلاشقا زوقمەنلىكىنى بىلگەن دادىسىمۇ ئاربلاپ - ئاربلاپ بەزى ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتى. بىر كۈنى كەچتە دادىسى ئۇنىڭغا «سادىر پالۋان» ھېكايىسىنى ناھايىتى تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بەردى. لۇتپۇللا دادىسىنىڭ تىزىغا جەينىكى بىلەن تايىنىپ، ئىككى قولى بىلەن ئېڭىكىنى تىرىگىنىچە بېرىلىپ ئاڭلىدى، ھېكايە بەك تەسىرلىك ئىدى، ئۇ ھېكايىنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى.

— تۈگىدىمۇ، دادا؟— سورىدى لۇتۇن بىر ھازادىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— تۈگىدى، قانداقكەن؟

— بەك ياخشىكەن! ھېلىقى جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ھېكايىسىدىنمۇ قىزىقكەن.

— ھىم، بۇ بولغان ۋەقە، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ياشاۋاتقان مۇشۇ ئەلدە بولغان، ئوغۇل بالا دېگەن ئەنە شۇنداق بولۇشى كېرەك!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان لۇتپۇللانىڭ بالىلىق كۆزلىرىدە ئوت چاقناپ كەتتى. باتۇر جەڭچى، مەشھۇر قوشاقچى سادىر پالۋان ئۇنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ لۇتپۇللانىڭ ھېكايە ئاڭلاشقا بولغان ئىشتىياقى تېخىمۇ ئاشتى، ئۇ ھەر كۈنى دادىسىنى ھېكايە ئېيتىپ بېرىشكە قىستايتتى. ئەمما،

كۆپ ھاللاردا دادىسىنىڭ ۋاقتى يەتمەيتتى. بىر كۈنى دادىسى لۇتپۇللاغا مۇنداق دېدى:

– سەن ھەر كۈنى ھېكايە، ھېكايە دەيسەن، ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسى كىتابلاردا يېزىلغان. خەت ئوقۇشنى ئۆگىنىۋالساڭ، ھەممىسىنى ئۆزۈڭ كۆرۈپ بىلىۋالالايسەن.

– بۇ يەردە مەكتەپ بولمىسا، ئوقۇشنى قانداق ئۆگىنىمەن؟!

– ئۇ ئاسان، مەن ساۋاق بېرىمەن، سەن ئۆيدە مېنىڭ بەرگەن ساۋاقلىرىم بويىچە يېزىپ ئۆگەنسەڭمۇ بولىدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان لۇتپۇللانىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن ئويناپ كەتتى - دە:

– ئۇنداق بولسا ھازىرلا ساۋاق بەر، خەت ئوقۇش بىلەن يېزىشنى ئۆگىنەي، – دېدى.

دادىسى لۇتپۇللانىڭ رايى بويىچە شۇ كۈنلا دەپتەردىن بىرنى ياساپ ھەرپلەرنى باشلاپ بەردى. بۇ، لۇتپۇللانىڭ ئالتە ياش ۋاقتى ئىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ ھەر كۈنى كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ شىرەنىڭ بىر تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇراتتى - دە، قېرىنداشنى چىڭ تۇتۇپ يېزىشقا كىرىشەتتى. بۇنداق ئوقۇش تاكى ئاپىسى لامپىنى ئۆچۈرۈپ، لۇتپۇللانى مەجبۇرىي ياتقۇزغانغا قەدەر داۋاملىشاتتى. ئۇ بەزىدە دەپتەرگە بېشىنى قويۇپ، قېرىندىشىنى چىڭ تۇتقىنىچە ئۇخلاپمۇ قالاتتى.

لۇتپۇلا ئۆگىنىشكە بەكمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بېرىلدى. دادىسى ئۆگەتكەن ھەرپلەرنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، مەيلى دادىسى بىلەن ئېتىزغا ئىشلىگىلى بارسۇن، مەيلى بالىلار بىلەن ئوينىغاندا بولسۇن، يەرگە سىزىپ تەكرارلايتتى، ھەممىسىنى تولۇق يېزىپ چىقالىسا، ناھايىتى خۇشال بولۇپ: «ئۇنتۇپ قالماپتىمەن، بىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماپتىمەن!» دەپ ۋارقىراپ چاۋاك چېلىپ كېتەتتى.

لۇتپۇللانىڭ تىرىشچانلىقى ئۇزاققا قالماي ئۇنۇم بېرىشكە باشلىدى، ئۇ بىر يىلغا يېتەر - يەتمەيلا خەت ساۋاتىنى چىقىرىپ كىتاب ئوقۇشقا كىرىشتى.

# ئويۇن ۋە ئويۇنچۇقلار

**كۆڭۈللۈك چاڭ - چاڭ سايراپ،**
**تەلپۈنۈپ خۇشاللىنىپ ئويناپ.**
**«ھايات ياكى مامات»،**
**مەيدانغا چۈشتۇق بويلاپ.**

(لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «چوڭ كۈرەش قوينىدا» دېگەن شېئىرىدىن)

كېيىنرەك نىلقىدا بىر ئۇيغۇر مەكتىپى قۇرۇلدى، ئۇ دائىم ئاشۇ مەكتەپكە بېرىپ مەكتەپ بالىلىرىنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىگە زەن قوياتتى، ئۇلارنىڭ تەنتەربىيە دەرسىدىكى قەدەملەپ مېڭىشلىرىنى دوستلىرىنىڭ ئارىسىدا مېڭىپ كۆرسىتەتتى. بىر كۈنى ئۇ يۇقىرى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يالاڭ تورنىك ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تورنىك ياسىغۇسى كەلدى. ئەتىسىلا ئۆزىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى قاتار دەرەخلەرنىڭ ئىچىدىن بىر - بىرىگە يېقىن تۇرغان ئىككى تۈپ سۆگەتكە بىر ياغاچنى توغرىسىغا مىخلاپ، بىر ئەپچىل «يالاڭ تورنىك» ياسىۋالدى ۋە ھەر كۈنى مەكتەپ بالىلىرىدەك مەشىق قىلىپ تۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




بۇ ئويۇننى ئۇ خېلىغىچە داۋاملاشتۇردى. ئۆزىنىڭ تەڭتۇش ئاغىنىلىرىمۇ كېلىپ ئاشۇ «تورنىك»نى ئوينايدىغان بولدى. يولدىن ئۆتكەن - كەچكەن چوڭلارمۇ بۇ ئويۇنغا قىزىقىپ خېلىغىچە قاراپ قېلىشاتتى.

يېزا باللىرىنىڭ بۇنىڭدىن باشقىمۇ ئوينايدىغان ھەر خىل ئويۇنلىرى بار ئىدى. بولۇپمۇ تۇخۇم چېكىشتۇرۇش، ئوشۇق ئويناش دېگەنلەرنى باللار بەك كۆپ ئوينايتتى

بىر كۈنى بىر توپ باللار يەرگە دۈگىلەك دائىرە سىزىپ قويۇپ ئوشۇق ئويناۋاتقاندا، ئوشۇق تالىشىپ جېدەل چىقتى. بۇنىڭغا نېرىسىدا تۇخۇم چېكىشتۇرۇۋاتقان باللار ۋە ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلارمۇ كېلىپ ئارىلىشىپ، ئىككى تەرەپ مۇشتلىشىشقا باشلىدى. يەنە بەزىلەر سىرتتىن ئۇلارنى دەيدەيگە سېلىپ جېدەلنى تېخىمۇ چوڭايتىۋەتتى.

دەل شۇ پەيتتە قاياقتىندۇر لۇتپۇللا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قولىدا ئالا - بۇلىماچ رېزىنكە پومزەك بار ئىدى. ئۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۇرۇشۇۋاتقانلارنى ئاجراتتى - دە، مۇنداق دېدى: « ئەرزىمەس ئوشۇقنى تالىشىپ مۇشتلىشىپ، باش - كۆزىنى يېرىپ، كىيىم - كېچەكلەرنى يىرتقاننىڭ ھېچبىر پايدىسى يوق. ئۇنىڭ ئورنىغا بىز باشقا بىر ئويۇن ئوينايلى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئىككى تەرەپكە بۆلۈنىمىز، كىمكى پومزەكنى قارشى تەرەپنىڭ دەرۋازىسىغا تېپىپ كىرگۈزۈۋېتەلىسە، مانا شۇ نوچى. قايسى تەرەپ پومزەكنى كۆپ كىرگۈزسە، شۇ تەرەپ ئۇتقان بولىدۇ.»



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇ باللار ئۇچۇن يېڭى بىر ئويۇن بولغاچقا، باللار ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ پومزەك ئويناشقا باشلاپ كەتتى. ئويۇنغا قاتنىشالمىغانلارمۇ «تېپە، دەرۋازىغا كىرگۈز!» دەپ ۋارقىراپ ئاۋاز قوشۇپ تۇرۇشتى. بارا - بارا ئويۇن تازا قىزىپ كېتىپ، ھېلىقى مۇشتلاشچىلارمۇ ئوشۇق ماجىراسىنى ئۇنتۇپ قېلىشتى.

لۇتپۇللا ئويۇنلارنىڭ مەزمۇنىنى «ۋاللەي ئويۇنى»، «مۆكىمۆكىلەڭ ئويۇنى»، «ئەسكەر ئويۇنى» قاتارلىقلارغا ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشنىمۇ بىلەتتى. بولۇپمۇ باللارنىڭ «ئەسكەر ئويۇنى» ھەممىدىن بەك قىزىق ئىدى. بۇنىڭدا بىر توپ باللار «سادىرنىڭ ئەسكەرلىرى» بولۇپ قەلئە، سېپىللارغا ھۇجۇم قىلاتتى، لۇتپۇللا «سادىر» بولاتتى. بىر زامانلاردا نىلقىنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان، ھازىر بولسا پەقەت ئۇنىڭ خارابىلىكلىرىلا قالغان قېلىن ھەم ئېگىز سېپىل ۋە ئىستىھكاملار ئۇلارنىڭ ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلىدىغان «قەلئە»، «سېپىل»لىرى بولاتتى. باللار كۆپىنچە بىر ياكى بىرقانچە تەرەپلەرگە بۆلۈنۈپ، بىرلا بۇيرۇق بىلەن «ھۇررا!» دەپ ۋارقىراپ تەڭ ھۇجۇم باشلىشاتتى، باللارنىڭ بۇنداق «جەڭ»لىرىدە نىشانىنى قايسى تەرەپ بالدۇر ئىگىلىۋالسا، شۇ تەرەپ ئۆز بايرىقىنى قاداپ تەنتەنە قىلاتتى.

بۇنداق ئويۇنلارغا قاتنىشىدىغان باللارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئوشۇق ئويناش، خوراز سوقۇشتۇرۇش، تۇخۇم چېكىشتۇرۇشلەر باللارنى ئانچە

قىزىقتۇرمايدىغان بولۇپ قالدى.

لۇتپۇللا كىچىكىدە يېڭى نەرسىلەرگە زەن قوياتتى. شۇنىڭغا ئوخشىتىپ ئويۇنچۇق ياساشنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ دادىسى بىلەن غۇلجا شەھىرىگە كىرگەندە كۆرگەن ماشىنا، خادىك ھارۋىلارغا ئوخشىتىپ ياسىۋالغان ئويۇنچۇقلىرىمۇ كۆپ ئىدى.

بىر كۈنى ئۇ شەھەردە كۆرگەن ماشىنىغا ئوخشىتىپ يىپ، غالتەك ۋە تاختاي تېپىپ ياغاچ ماشىنا ياسىدى. ماشىنىنىڭ چاقىغا بېكىتىلگەن رېزىنكىنى تولغاپ - تولغاپ يەرگە قويۇپ بەرسە، خېلى يەرلەرگىچە ماڭالايتتى، كېيىن لۇتپۇللا ئۇنى يىپقا باغلاپ كوچىغا ئاچىقىپ ئوينايدىغان بولدى، بۇ ئاجايىپ ئويۇنچۇقنى كۆرگەن باللار «ماشىنا»، «لۇتپۇللانىڭ ماشىنىسى» دەپ ۋارقىرىشىپ كېتەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# تاقىر چوققا

كۆردۈڭمۇ ئالدىمىزدىكى
چوڭ، ئېگىز داۋاننى؟
ئىچىدىكى تىك غار،
تا بىز ئۆتىدىغان يول.
تۇماق قىرلاپ، يۈكنى مۈرىگە ئارتىپ،
ناخشا ئېيتىپ،
ئەركىن چىقىپ كېتەيلى،
دوستۇم، ھوشيار بول.

(لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «كۈرەش ئىلھامى» دېگەن شېئىرىدىن)

لۇتپۇللا دالىدا يورۇشنى، جاڭگاللارنى كېزىشنى، تاغلارغا، تىك چوققىلارغا چىقىشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى.

ئىيۇلنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرى، ھاۋا ئوچۇق ۋە تازا ئىدى. تاغ ئارقىسىدىن يېڭىلا بالقىپ چىققان قۇياش ئۆزىنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرىنى تاغ سايلىرىغا چېچىشقا تېخى ئۈلگۈرمىگەن بولۇپ، تاغ ئىچى يېرىم قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تۇراتتى. ئاسماننىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدە لەيلەپ

يۈرگەن ئاپئاق بۇدۇر بۇلۇتلار بۈگۈن كۈننىڭ ئىسسىپ كېتىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، تاغ قاپتىلىدىن غۇرۇلداپ ئۇرۇۋاتقان سوغ شامال ئادەمنى ئەندىكتۈرەتتى.

قوللىرىغا بىردىن تاياق تۇتقان، كىچىككىنە تۈگۈنچەكلىرىنى دۈمبىسىگە تېڭىۋالغان ئۈچ بالا بۈگۈن ئەتىگەندىلا تاغ قاپتىلىدا پەيدا بولدى.

– مېنىڭ كەينىمدىن يۈرۈڭلار، – دەپ بۇيرۇدى بالىلارنىڭ ئىچىدىكى ئېگىز بويلۇق، ۋىجىك بىر بالا.

بالىلار تاغ قاپتىلىدىكى قېلىن قارىغايلىقلار ئىچىدىكى يالغۇز ئاياغ يولنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ نىشانى مۇشۇ ئەتراپتىكى ئەڭ ئېگىز چوققا – ئەتىگەندە قۇياش نۇرى ھەممىدىن بۇرۇن چۈشىدىغان «تاقىر چوققا»غا چىقىش ئىدى.

قاتمۇقات تاغلار ئىچىدە ئاسمان بىلەن بوي تالىشىپ، ئاپئاق بۇلۇتلارنى سۆيۈپ تۇرغان بۇ ھەيۋەتلىك چوققا بەكمۇ تىك ھەم خەتەرلىك بولغاچقا، ئادەتتە كىشىلەر ئۇنىڭغا چىقمايتتى. پەقەت ناگان - ناگاندا مۇشۇ ئەتراپتىكى تاغ بالىلىرىلا ئۆز ماھىرلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولغاندەك بۇ «تاقىر چوققا»غا بەسلىشىپ چىقاتتى.

بۈگۈن بۇ چوققىغا چىقماقچى بولغان بالىلارنىڭ ئەڭ كىچىكى لۇتپۇللا بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ تاقىر چوققىغا تېخى بىرىنچى قېتىم يول ئېلىشى ئىدى.

ئۇلار بىر ئاش پىشىم يول ماڭغاندىن كېيىن چىغىر

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكتى
www.uyghurkitap.com



يول تۈگىدى، ئەمدى ئېگىزگە قاراپ مېڭىش باشلاندى. تاغ باغرى قېلىن ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغان بولۇپ، مېڭىش تەس ئىدى، ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىدا تېخى پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتمىگەن شەبنەم تامچىلىرى كىيىملەرنى ھۆل قىلىۋېتەتتى. ئۇلار يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسېرى ھاسىراپ تەرلەپ كەتتى - دە، ئوت - چۆپلەرگە ئېسىلىپ ئۆمىلەشكە باشلىدى. بەزىدە ئۇلار ئوت - چۆپلەرنى ئەمەس، چاققاق - تىكەنلەرنى قامالللىۋېلىپ ۋاي - ۋايلاپ كېتەتتى، ياكى تېيىلىپ كېتىپ خېلى بىر يەرلەرگىچە دومىلاپ چۈشەتتى. مانا ئوت - چۆپلەرمۇ تۈگىدى، ئالدىدا تاشلىق ھەم تاقىرلىق باشلاندى. ئۇلار ئەمدى تاقىر چوققىنىڭ ئۆزىگە ياماشقان ئىدى، ئۇلار كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى، ھاي - ھاي! پۈتكۈل قارىغايلىق – يېشىلللىق دۇنياسى پەستە قالغان، يىراقتىكى يېزا خۇددى ئالىقانچىلىكلا كۆرۈنەتتى، ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغان قازانغا ئوخشاش ئويمانلىقتا ئادەملەر ۋە ئات - كالىلار خۇددى قۇرتتەك ناھايىتى ئاستا مىدىرلاۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

باللار بۇ يەردە بىر پەس دەملىرىنى ئېلىۋالدى. قۇياشمۇ يەر - جاھاننى قىزدۇرۇشقا باشلىغانىدى.

– ئەمدى ئەڭ قىيىن يېرى قالدى. مەن ئۆتكەندە ئاكام بىلەن چىققاندا ئەنە ئاشۇ «تۇمشۇق»تا تېيىلىپ كەتكەنىدىم. شۇ يەردىنلا ئۆتۈپ كەتسەك، ئۇ تەرىپى ئوڭاي، – دېدى ھېلىقى سەردار بولۇپ ماڭغان ئېگىز بويلۇق بالا تايىقى بىلەن چوققىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ. تاغقا چىقىشتا ھەممىسىدىن بەك قىينالغىنى كىچىك

لۇتپۇللا بولدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەن، قوللىرىنىمۇ بىرنەچچە قېتىم چاققاق چېقىۋالغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدىن باللارغا خاس كۈلكە يېغىپ تۇراتتى.

— قېنى، دەمنى چوققىغا چىقىپ بىراقلا ئالايلى، — دېدى ئۇ ئېگىز بويلۇق بالىنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن. ئۇلار قايتىدىن غەيرەتلىنىپ، بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن «تۇمشۇق»قا يېتىپ كەلدى، بۇ يەرنىڭ ئېپىنى بىلگەچكىمۇ ياكى بويىنىڭ ئېگىزلىكى ئەسقاتتىمۇ، ئېگىز بويلۇق بالا قىينالمايلا «تۇمشۇق»قا چىقىۋالدى. ئۇ تايىقىنى سۇنغانىدى، ئىككىنچى بالىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا چىقىۋالدى. ئەمدى لۇتپۇللا قالغانىدى. ئېگىز بويلۇق بالا ئۇنىڭغىمۇ تايىقىنى سۇنۇپ:

— مە، ماۋۇنى تۇتۇپ ئاۋۇ قىسساڭنى دەسسە، — دېدى ھېلىقى بالا «قىسساڭ » دەپ ئاتالغان تاغنىڭ قىسىلچىقىنى كۆرسىتىپ.

— ياق، ئەلقەم، تايىقىڭنى نېرى تارتىپ تۇر، ئۆزۈم چىقىپ باقاي، — دېدى لۇتپۇللا ئەلقەمنىڭ سۇنۇپ بەرگەن تايىقىنى نېرى ئىتتىرىپ.

ئەلقەم خۇدىيارىيۈزىدىن نىلقىغا يېقىندا كۆچۈپ چىققان ھەيدەر دېگەن ئادەمنىڭ ئوغلى ئىدى. گەرچە ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كۆچۈپ چىققىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن لۇتپۇللانىڭ ئۇ بالا بىلەن مىجەزى قاملىشاتتى، شۇڭا ئۇلار ناھايىتى تېزلا يېقىن دوستلاردىن بولۇپ كەتكەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر ئادرېسى



لۇتپۇللا بىرنەچچە رەت ياماشقان بولسىمۇ، سىيرىلىپ كەتتى، لېكىن ئۇ يەنە ئۇرۇنۇپ، تىرىشىپ، تىخىمۇ غەيرەت بىلەن ياماشاتتى. ئۇ ئاخىر ھېلىقى «تۇمشۇق»قا ياماشىپ چىقتى.

لۇتپۇللانىڭ يۈزىدە تەر مونچاقلىرى يالتىرايتتى، قوللىرىنىڭ سىرىلىپ كەتكەن يەرلىرىدىن تەپچىرەپ قان چىقاتتى. كىيىملىرىنىڭ بىرنەچچە يېرىنى ئۇچلۇق تاشلار ئىلىۋېلىپ يىرتىۋەتكەن، كۆڭلىكىنىڭمۇ بىرنەچچە تۈگمىسى ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ قالغانىدى. ئەمما، ئۇ ناھايىتى خۇشال كۆرۈنەتتى.

— يارايسەن، — دېدى ئېگىز بويلۇق دوستى ئەلقەم ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ، يەنە بىر ئاغىنىسىمۇ لۇتپۇللاغا ھەۋەس بىلەن قارايتتى.

— ھەممىدىن ئېگىز ھەم خەتەرلىكى مۇشۇ چوققا دەۋاتاتتىڭ، مانا، بۇنىڭغىمۇ چىقتۇق. ئەمدى قالغان چوققىلار بىز ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس، ئۇلارغا ئويناپ تۇرۇپ چىقىپ كېتىۋېرىمىز دېگىنە، — دېدى لۇتپۇللا ئەلقەمگە قاراپ.

دەرۋەقە، ئەمدى باللار ئۆزلىرىنىڭ تاپىنى ئاستىدا تاقىر چوققىلار ئەمەس، بەلكى ھەرە چىشىدەك قاتارلىشىپ ياتقان سان - ساناقسىز چوققىلارنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئىشەنچ بىلەن تاغلارنى جاراڭلىتىپ قاقاھلاپ كۈلۈشتى...

# ئىجادىي رەسىم

**يەنە گۈللەر، بۇلبۇللا ۋە سۇمبۇللار،**
**سېنىڭ نەقىش زىننىتىڭدۇر بۇلار ھەممىسى.**
**يەنە سۇلار، شارقىراتمىلار، شوخ شامااللار،**
**ئەركىلەپ سۆيۈپ باغرىڭدا جەۋلان قىلغۇسى.**

( لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «كۆكلەم ئىشقى» دېگەن شېئىرىدىن)

لۇتپۇللانىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرى ئارىسىدا لۇتپۇللانىڭ ئائىلىسى بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان يەنە بىر ئوقۇمۇشلۇق كىشى بار ئىدى. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بىرى، لۇتپۇللانىڭ كىچىك دادىسى مەسۇمئاخۇن ئىدى.

مەسۇمئاخۇن بۇغداي ئۆڭلۈك، ئېگىز بويلۇق، بۇرۇتلۇق ئادەم ئىدى. ئۇ تىككۈچىلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇ يەنە ئۇستا رەسسام بولغاچقا، ھەمىشە تاغ - دەريا، گۈل چىمەنلەردىن گۈزەل كۆرۈنۈشلەرنى سىزاتتى. مەسۇمئاخۇن بىرنەچچە خىل تىلنى پىششىق بىلەتتى، شۇڭا ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى تاشكەنت، قازان شەھەرلىرىدە نەشىر قىلىنغان رۇسچە، تاتارچە، ئۆزبېكچە كىتاب - ژۇرناللارنى ۋە ئىلىدا نەشىر قىلىنىدىغان«ئىلى

گېزىتى»نى دائىم كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ لۇتپۇللا بىلەن بىر دېمەتلىك ئاسىم دېگەن ئوغلى بار ئىدى، ئۇ ئوغلىغا رۇس تىلىنى ۋە رەسىم سىزىشنى خېلى ئوبدان ئۆگەتكەنىدى. مەسۇمئاخۇن لۇتپۇللانىڭ بىلىم ئېلىشىغىمۇ ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى، ئۇنىڭغا ھەر خىل كىتاب - ژۇرناللارنى ئەكېلىپ بېرەتتى.

مەسۇمئاخۇن ياز كۈنلىرى رەسىم سىزىش بىلەن كۆپ شۇغۇللىناتتى، كىچىك دادىسى رەسىم سىزىشقا چىقىدىغان كۈنلىرى لۇتپۇللامۇ بۆلەكچىلا يايراپ كېتەتتى - دە، ئاسىم بىلەن رەسىم سىزىدىغان قوراللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بىللە باراتتى، مەسۇمئاخۇن رەسىم سىزىۋاتقاندا ئۇلار رەسىم سىزىش ماھارىتىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنەتتى.

لۇتپۇللا بارا - بارا ئوقۇش كىتابلىرى ۋە ژۇرناللاردىكى قۇشلارنىڭ، ھايۋانلارنىڭ، ئادەملەرنىڭ، ئۆيلەرنىڭ رەسىملىرىنى كۆچۈرۈپ سىزالايدىغان بولدى. ئۇ كېيىنچە كىچىك دادىسىنىڭكىگە ئوخشاش رەسىم سىزىش ئەسۋابىدىن بىرنى ياسىۋالدى - دە، كىچىك دادىسى بىلەن سىرتلارغا چىقىپ مەنزىرە سىزىشقا كىرىشتى. كىچىك دادىسى يوق چاغلاردا بولسا، ئۇ ئاسىم بىلەن بىللە چىقىپ رەسىم سىزاتتى. لۇتپۇللانىڭ رەسىم سىزىشقا ئىشتىياق باغلىغانلىقى ھەم ئەستايىدىل كىرىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مەسۇمئاخۇن ئۇنىڭغا رەسىمنى قانداق سىزىشنى زېرىكمەي سۆزلەپ بېرىدىغان بولدى. ئۇ يەنە پات - پاتلا ئاسىم بىلەن ئىككىسىگە

ۋەزىپە تاپشۇراتتى، ئۇلارنىڭ سىزغان رەسىملىرىنى باھالاپ، نۇقسانلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى.



www.uyghurkitap.com



# مەنىلىك ناخشا

**ئەقىلىڭ بىلەن تەڭشەپ، ئۆتمۈش يىللىرىنىڭ**
**دەل كۆكسىگە كۈرەش خەنجىرىنى ئۇرساڭ.**
**مىڭبىر بالالار بىلەن چاپلاشتۇرغان سىرلىرى**
**ئېچىلىدۇ روشەن بولۇپ، قىلنى قىرىق يارساڭ.**

(لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ »كۈرەشچان ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرى« دېگەن شېئىرىدىن)

لۇتپۇللا كىچىكىدە ناخشا - ساز ئاڭلاشقا بەكمۇ زوقمەن ئىدى. ئۇ ساۋاتىنى چىقىرىپ ئۇنى - بۇنى خاتىرىلىيەلەيدىغان بولغاندىن كېيىن خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرىنى ئىزدەپ يۈرۈپ ئاڭلايدىغان، ئۇنىڭدىكى تەسىرلىك قوشاقلارنى خاتىرىلىۋالىدىغان بولدى.

يازنىڭ سۈتتەك ئايدىڭ كېچىلىرى، ئىلقا دەرياسىنىڭ بويىدىكى بۈك توقايلىقلار ئارىسىدا ياش يىگىتلەر سورۇن تۈزۈپ، تەمبۇر - دۇتارلارنى چېلىپ بەزمە قىلاتتى. بۇنداق سورۇنلارغا ھەتتا چوڭلارمۇ كېلىپ قاتنىشاتتى، شۇنىڭ بىلەن سورۇن تېخىمۇ جانلىنىپ كېتەتتى، ناخشا - قوشاق ئېيتىشۋاتقان، بېيىت ئوقۇپ ئۇسسۇل

ئويناۋاتقان، ساز ۋە ھېكايە تىڭشاۋاتقانلارنىڭ جانلىق كۈلكە سادالىرى ئېغىر ئەلياتقۇ، ھەتتا تاڭ سۈزۈلگىچە توقاي ئىچىدە ياڭرايتتى.

بۇنداق چاغلاردا لۇتپۇللامۇ ئۆز تەڭتۇشلىرى بىلەن توقايلىققا كېلىپ، ياشلارنىڭ ئارىسىدىكى بوش چىمەنلىكلەردە تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ نەغمە - ناۋاغا قۇلاق سالاتتى.

بىر كۈنى لۇتپۇللا يەنە ناخشا - مۇزىكا ئاڭلاش ئۈچۈن ئاشۇنداق سورۇنلارنىڭ بىرىگە باردى. بۇ سورۇن توقايلىقنىڭ يېنىدىكى كەڭ چىمەنلىكتە تۈزۈلگەن بولۇپ، سورۇنغا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر توپلانغان، ئوتتۇرىغا گۈلخان يېقىپ قويۇلغان ئىدى. دۇتار - تەمبۇر، ئىسكىرىپكا ۋە داپنىڭ يېقىملىق تەڭكەشلىرىگە ئېيتىلىۋاتقان مۇڭلۇق ناخشا قوشۇلۇپ تاغ باغرىنى جاراڭلىتاتتى. بىر پەس داۋام قىلغان ناخشا - مۇزىكىدىن كېيىن يۈزلىرىنى چوڭقۇر قورۇق باسقان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم دۇتارنى قولىغا ئالدى - دە، سالماق ئاۋازدا ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى:

ئىلى ۋادىسى دەيدۇ،
بۇندا تولا ئورمان تاغ.
تاغلىرىدىن ماي ئاقار،
ئەتراپلىرى شەربەت باغ.

ئۇنىڭ دانىمۇدانە ئېيتىۋاتقان يېقىملىق ناخشىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. گۈلخان ئەتراپىدىكىلەرنىڭ لېۋىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. لۇتپۇللامۇ ئورنىدا سەل قىمىرلاپ، تولۇن ئاينىڭ يورۇقىدا خۇددى غايەت زور يولۋاستەك سوزۇلۇپ ياتقان ئالتاغىل تاغلارغا، ئۇنىڭ باغرىدىكى مەخمەلدەك گۈزەل ۋادىغا، توسۇن ئاتتەك چاپچىپ ئېقىۋاتقان دەرياغا ۋە باراقسان باغلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرۈتۈپ چىققاندىن كېيىن ھۇزۇرلىنىپ سۆيۈنۈپ كەتتى. ناخشا داۋام قىلىۋاتاتتى. ھېلىقى ئادەم ئەمدى باشقا بىر مۇڭلۇق ئاھاڭدا ناخشا باشلىغانىدى.

ئالۋان - ھوسۇلۇم تولا،
قۇياي دېسەم ئېشىم يوق.
بۇ ھوسۇلنى قۇيمىسام،
تىرىكلىكتە بېشىم يوق.

ئىسىت، ئۆمرۈم ئۆتۈپ كەتتى،
زالىملارغا قۇللۇقتا.
ھېچ راھەت كۆرەلمىدىم،
زۇلمەت ئىچىدە ـ زورلۇقتا...

خەلقىنىڭ مۇڭ - زارىدىن توقۇلغان بۇ مىسرالار سورۇندىكىلەرنىڭ يۈرەك - باغرىلىرىنى ئېزىۋەتكەنىدى. لۇتپۇللا بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، گۈلخان ئەتراپىدا ئولتۇرغانلارنىڭ باشلىرى ساڭگىلاپ كېتىپتۇ، بەزىلىرى ھەسرەت بىلەن چوڭقۇر ئۇھ تارتىۋېتىپتۇ. بۇ

ئېچىنىشلىق مەنزىرىدىن لۈتپۇللانىڭ بالىلىق قەلبى قوقاستا پۈچىلانغاندەك ئۆرتىنىپ كەتتى....

ناخشا ئەمدى كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭغا كۆچكەندى. بولۇپمۇ ئاخىرقى مىسرالىرىنى ئېيتىۋاتقاندا ناخشىچى ئاۋازىنى كۈچىنىڭ بارىچە قويۇپ بەردى:

يامۇلىنىڭ تېگى زەيلىك،
بۇ دەردلەرگە نېمە دەيلىك.
ئەرلىككە بەلنى باغلاپ،
ياخشىلىقنى ئىزدەيلىك.
...
ئەرلىككە بەلنى باغلاپ،
ياخشىلىقنى ئىزلەيلىك.

گۈلخان ئەتراپى جانلاندى. كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدە قانداقتۇر بىر ئۇچقۇن چاقنىغاندەك بولغاندەك بولدى. گۈلخانمۇ خۇددى ئەنە شۇنى تەستىقلىغاندەك لاۋۇلداپ ئۆزىگە تاشلانغان قۇرۇق قارىغاي ئوتۇنلىرىنى شىددەت بىلەن چاراسلىتىشقا باشلىدى...

بۇ مەنزىرىگە سەپسېلىپ ئولتۇرغان لۈتپۇللا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ناخشىنىڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسىنى يادلاپ چىققاندىن كېيىن ئۆز - ئۆزىگە:

— بۇ بەك مەنىلىك ناخشا ئىكەن. قايتىپ بارغاندا تولۇق كۆچۈرۈۋالىمسام، — دەپ پىچىرلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ھەيرانلىق

**شۇ يوسۇن تىزىلىپ، زۇلۇم - زوقۇم بىلەن ئۇچراشتى،**
**ئۆلكەم ئەلگە دەھشەت قۇچىقىنى كەڭ ئاچتى.**
**زۇلۇم سۇلالىسى ياڭ - جىنغىمۇ كېلىپ ئۇلاشتى،**
**زىندان، قوۋۇق، كىشەن، ئات - چاپ ھەددىدىن ئاشتى،**
**زۇلۇم تېغى بېسىپ ئەلنى، قاقشىدى زار پىغان ئىچىدە.**

(لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «مۇخەممەس» دېگەن شېئىرىدىن)

بۇ[1] دەل ياڭ زېڭشىن[1] ھۆكۈمىتى غۇلىغان، ئۇنىڭ ئورنىغا تىكلەنگەن جىن شۇرېننىڭ[2] ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتى خەلقىمىزنىڭ قان - تەرىنى شورىۋاتقان زۇلمەتلىك چاغلار ئىدى. ئېغىر ئەمگەك ۋە ھەر خىل ئالۋان - ياساقلار دەستىدىن خەلق ئىنتايىن خاراب ياشايتتى. »بىر ئېرىقىدا كۈمۈش، بىر ئېرىقىدا ئالتۇن ئاقىدۇ» دەپ تەرىپلىنىدىغان ئىلىنىڭ «بىر ئېرىقى ياش، بىر ئېرىقى قان» بىلەن تولغانىدى.

لۇتپۇللا ئۆزى ياشاۋاتقان بۇنداق مۇھىتتىكى ھەربىر

1. ياڭ زېڭشىن: 1914 - يىلىدىن 1927 - يىلىغىچە ۋەتىنىمىزدە ھەربىي باشلىق بولغان، بىرنەچچە قېتىملىق دېھقانلار ئىنقىلابىنى باستۇرغان جاللات.

2. جىن شۇرېن: 1928 - يىلىدىن 1922 - يىلىغىچە ۋەتىنىمىزدە ئۆلكە باشلىقى بولغان.

نەرسىگە كۆزىتىش تۇيغۇسى بىلەن باقاتتى. ياز كۈنلىرى ئۇ ئېتىزلاردا كۆتەك ھارۋىلار بىلەن بۇغداي توشۇۋاتقان جۇل - جۇل كىيىملىك دېھقانلار ۋە تومۇز ئاپتىپىدا قارىداپ كەتكەن يېرىم يالىڭاچ ئورمىچى بالىلار بىلەن دائىم بىللە بولاتتى.

ئەمما، خاماندا قىزىل چەشلەر دۆۋىلىنىپ ھەممە نەرسە تەييار بولغاندا، شايى - دۇخاۋىلاردىن كىيىم كىيگەن بىر توپ كىشىلەر ئاتلىق، ھارۋىلىق ۋە بەزىدە قوراللىق كېلىپ خاماننى پاك - پاكىز قۇرۇقداپ كېتەتتى. ئالتە ئاي ياز كەتمەن چاپقان ھېلىقى بىچارە دېھقانلار ئاخىرىدا ئارا - گۈرجەك ۋە بىر - ئىككى تاغار چار، دۆۋە - دۆۋە سامانلارغا ئىگە بولۇپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ھېلىقى شايى تونلۇقلار لۇتپۇللانىڭ گۆدەك قەلبىدە پۈتمەس - تۈگىمەس نەپرەت ئويغىتاتتى. ئۇ زىمىستان قىش كۈنلىرىمۇ يىرتىق كىيىملەردىن بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ قالغان، ياماق خالتىلارغا قاچىلىۋالغان قوماچلىرىنى تالقان قىلىش ئۈچۈن تۈگمەنلەرگە ئالدىراپ ماڭغان ئادەملەرنى، ئەسكى چورۇقلارنى كىيىۋالغان، چىرايىدىن دەردمەنلىك، ئۈمىدسىزلىك ۋە ھەسرەت چىقىپ تۇرغان بالىلارنى كۆرۈپ يۈرىكى ئېچىشاتتى. چىگىشلىشىپ كەتكەن بۇ ۋەقەلەرنىڭ تېگى - تەكتى زادى نەدە؟ نېمە ئۈچۈن ئادەملەر بۇنچىۋالا نامرات؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا پىغان بىلەن ياشايدۇ؟ لۇتپۇللا بالا ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بالىلارچە خىياللىرىدا بۇ سوئاللارنىڭ تېگىگە يېتەلمەي تىت - تىت بولاتتى. ئۇ بىر كۈنى كەچتە بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىڭى ئادرېسى



سوئاللارنى دادىسىدىن سورىدى:

ــ دادا، نېمە ئۈچۈن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئەمەس؟

ــ قانداقسىگە ئوخشاش ئەمەسكەن؟ ھەممىسىنىڭ بېشى بار، پۇتى بار، ئوخشاش تۇرمامدۇ؟ ــ لۇتپۇللانىڭ سوئالىدىن ھەيران بولۇپ جاۋاب بەردى دادىسى.

ــ ياق، ــ دېدى لۇتپۇللا قايتىدىن، ــ ئوخشاش ئەمەسكەن. بىزنىڭ بۇ يەردىكىلەر بەك كەمبەغەل ئىكەن، ئېغىر ئىشلارنىلا قىلىدىكەن، كىيگەن كىيىملىرى جۇل - جۇل ئىكەن، ئۆتكەن كۈنى شەھەردىن چىققان ھېلىقى ئادەملەر نېمىدېگەن باي! ئۇلارنىڭ چۈشىدىغان ھارۋىلىرىمۇ ئاجايىپ ئېسىل ئىكەن...

ــ ھە... ــ دېدى دادىسى ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپ، ــ ئەسلىدىغۇ ھەممە ئادەم خۇدانىڭ بەندىسى بولغاندىن كېيىن ئوخشاش بولۇشى كېرەك ئىدى، بىراق زامان شۇنداق، زامان...

ھېزىمئاخۇن ئاكىنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگەردى. ئۇ نېمىدۇر بىر نەرسىدىن خاپا بولۇپ قالغاندەك قولىنى سىلكىپ قويۇپ مەسچىتكە چىقىپ كەتتى.

لۇتپۇللانىڭ شۇ قېتىمقى سۆھبەتتى ئايىغى چىقماي تۈگىدى، بۇنىڭدىن تېخىمۇ ئەجەبلەنگەن لۇتپۇللا شۇ كېچە خېلىغىچە ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمىدى.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن، لۇتپۇللانىڭ كاللىسىدا ھېلىقى ئايىغى چىقمىغان

سوئاللار تېخىچىلا ئەگىپ يۈرەتتى. بىر كۈنى لۇتپۇللانىڭ كىچىك دادىسى بىرمۇنچە كىتابلارنى ئېلىپ ئۇنى يوقلاپ كەلدى. ئۇ لۇتپۇللانىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئۆگىنىش ئەھۋالى ھەم ئوقۇغان كىتابلىرىنى سۈرۈشتۈردى. ئاندىن لۇتپۇللا ئۆزىنىڭ ھېلىقى سوئالىنى كىچىك دادىسىدىن سورىدى. ئۇ لۇتپۇللاغا ئەستايىدىل جاۋاب بەردى.

_ بۇ بىر مۇرەككەپ مەسىلە، سەن تېخى كىچىك، بىلىمىڭ ئاز، شۇڭا بۇنى ساڭا بىر جۈملە سۆز بىلەنلا چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ، بۇنى چۈشىنىشىڭ بىردىنبىر يولى ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش، سەن كۆپ ئوقۇساڭ ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلىۋالالايسەن ھەم جەمئىيەتتىكى بۇ تەڭسىزلىكنى چوقۇم چۈشىنىۋالالايسەن.

شۇ كۈنى لۇتپۇللانىڭ كىچىك دادىسى بىلەن بولغان سۆھبىتى ئۇزاق داۋام قىلدى، كىچىك دادىسى ئۇنىڭغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى سۆزلەپ بەردى. لۇتپۇللا كىچىك دادىسىنىڭ جەمئىيەت ھەققىدىكى سۆزلىرىنى تازا ئاڭقىرىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن كىچىك دادىسىنىڭ »كۆپ ئوقۇپ بىلىمىڭنى ئاشۇرساڭ، ئۆزۈڭمۇ چۈشىنىۋالالايسەن« دېگەن سۆزى ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىلىم ئاشۇرۇشقا بەل باغلاش

**مانا، بۈگۈن مەنمۇ شۇ شەھەرنىڭ كەڭ قوينىغا**
**قىپيالىڭاچ بولۇپ ئۆزۈمنى ئاتىمەن.**
**شۇ شەھەردە ئوزۇق ھەربىر ئىش دىلىمغا،**
**تاۋلىنىپ يۈرەككە يېڭى كۈچلەر تاپىمەن.**

(لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «خوش» دېگەن شېئىرىدىن)

لۇتپۇللا كىچىك دادىسىنىڭ ياردىمىدە نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ چىقتى. كۆپلىگەن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى يادقا ئالدى، بىر قىسىم ئۇيغۇر، تاتار يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەنمۇ تونۇشۇپ چىقتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭغا ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ ئەسەرلىرى بەك ياقتى. بۇلار ئۇنىڭدا كەڭ دۇنياغا ئىچكىرىلەپ كىرىش ۋە ئۇنى بىلىشكە ئىنتىلىش تۇيغۇسىنىمۇ ئويغاتقانىدى.

ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىدا بارا - بارا بىلىمنىڭ دولقۇنلۇق دېڭىزىدا كاراپتەك ئۈزۈشنى ئىستەيدىغان، ئاللىقانداق چوڭقۇرلۇقلاردىكى ھەقىقەتنى قېزىشقا ئىنتىلىۋاتقان بىر سېزىمنىڭ جۇش ئۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. مانا شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دەسلەپكى بىلىملەرنى بەرگەن ئائىلىسى ئۇنىڭ كۆزىگە تار كۆرۈنۈپ قالدى. بولۇپمۇ كىچىك

دادىسى بىلەن بولغان سۆھبەتتىن كېيىن ئۇنىڭ بىلىم ئاشۇرۇشقا بولغان ھەۋىسى تېخىمۇ ئۇلغايدى. لۇتپۇللا بۇ يەردىكى ئاڭلىغان - بىلگەنلىرى بىلەن بىلىم تەشنالىقىنى ھەرگىز قاندۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، غۇلجا شەھىرىگە كىرىپ ئوقۇشقا بەل باغلىدى. ئەمدىلا كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان تۇنجى ئوغلىنى شۇنچىۋالا يىراق يەرگە ئەۋەتىۋېتىشكە ھېزىمئاخۇن ئاكا بىلەن مەلىكىخان ھەدىنىڭ كۆزى قىيمايتتى. ئەمما، لۇتپۇللانىڭ ئوقۇشقا بولغان قەتئىي ئىرادىسى ئاخىر ئۇلارنى تەسىرلەندۈردى. ھېزىمئاخۇن ئاكا لۇتپۇللانىڭ كىچىك دادىسى مەسۇمئاخۇن ئاكا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى تاتار باشلانغۇچ مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇشىغا قوشۇلدى.....

ئەتىگەن، ھاۋا ئوچۇق، ئۇستىگە ئۆرە قىلىپ بىرنەچچە تۆمۈر تۇڭ بېسىلغان، ئىككى ئات قوشۇلغان بىر بىرچىكا[1] ھارۋا لۇتپۇللالارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ھارۋىدىكى تۇڭلار ئارقان بىلەن ئوراپ ھارۋا شوتىسىغا مەھكەم باغلانغان. ئۇنىڭ يېنىدا بىرنەچچە باغ بېدە بىلەن يېرىم تاغار يەم تۇراتتى. ھارۋىكەش قىرىق ياشلاردىكى بەستلىك بىر ئادەم ئىدى. ئۇ بېشىدىكى ئاق كىگىز مالىخيىنى پېشانىسىگە چۆكۈرۈپ كىيىۋالغاچقا، گۆللۈك قىزىل بۆكىنىڭ يېرىمى مالىخيىنىڭ ئارقىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ ھارۋىكەش ھېزىمئاخۇن ئاكىنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە

[1] تەڭلىگە ئوخشاش تۆت چاقلىق ھارۋا. ئىككى ئات قوشۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com



بۇگۈن لۇتىپۇللانى شەھەرگە ئالغاچ كېتىش ئۈچۈن بۇ ئۆيگە كەلگەنىدى.

ئۆيدىن ئەڭ ئالدى بىلەن بېشىغا گۈللۈك مانچىستىر بۆك، ئۈچىسىغا گىمناستوركا، پۇتىغا قارا بەتىنكە كىيىپ قولىدا تېرە سومكا تۇتقان لۇتىپۇللا يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇنى ئۇزىتىپ چىققانلار ئارىسىدا دادىسى، ئاپىسى، ھەدىلىرى ھەم كىچىك دادىسى مەسۇمئاخۇن ئاكىمۇ بار ئىدى، شۇ ئارىدا قوي باقىقلى ماڭغان تەڭتۇش دوستلىرىمۇ كېلىپ ئولاشتى. ئۇلار لۇتىپۇللانىڭ شەھەرگە كىرىپ ئوقۇماقچى بولغانلىقىغا ھەۋەسلىنىپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى سىقاتتى، يەلكىسىگە قاقاتتى، سومكىسىنى قىزىقىپ تۇتۇپ كۆرەتتى.

ــ خەير، خۇدايىمغا ئامانەت، ئوبدان ئوقۇغىن، ــ دېدى ھېزىمئاخۇن ئاكا لۇتىپۇللا ھارۋىغا چىققاندىن كېيىن.

ــ خۇدايىمغا ئامانەت، ئۆزۈڭگە پەخەس بول، بالام! ــ دېدى ئاپىسى مەلىكىخان كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ.

قالغانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ بىرنەچچە ئېغىز ياخشى سۆزلىرىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن خوشلاشتى. لۇتىپۇللا ئاتا - ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقاي دەپ تۇرۇشىغا يىراقتىن بۇياققا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر بالا كۆرۈندى. بۇ ھېلىقى ئېگىز بويى ئەلقەم ئىدى. ئەلقەمنى كۆرۈپ لۇتىپۇللا ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى - دە، ئەلقەمنىڭ قېشىغا بېرىپ:

ــ ئەلقەم ئاداش، مەن غۇلجىغا كىرىپ ئوقۇيدىغان بولدۇم، سەنمۇ كىرىپ ئوقۇساڭ ئەجەپ ياخشى بولاتتى، ئىككىمىز شەھەردىكى كىچىك ئاپاملارنىڭ ئۆيىدە يېتىپ - قوپۇپ ئوقۇيتتۇق، ــ دېدى.

ــ ئامال يوق، ــ دېدى ئەلقەم، ــ مەن مەكتەپتە ئوقۇيالمايدىغان بولدۇم.

ــ نېمە ئۈچۈن؟

ــ ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ، بۇ يەردىكى دېھقانچىلىقىمىزدىن بۇ يىل پەقەت ھوسۇل ئالالمىدۇق، دادام بىزنى يەنە خۇديارىيۇزىگە كۆچۈرۈپ ئەكەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. يۇك - تاقلىرىمىزنى تەقلەپ قويدۇق، ئەتە بىزمۇ يولغا چىقىمىز. دادام مېنى ئەمدى سەن خاڭدا ئىشلەپ بولسىمۇ جېنىڭنى جان ئەتكىن دەۋاتىدۇ، ــ ئەلقەم مەيۈسلەنگەن ھالدا بىر پەس توختىۋالدى - دە، سۆزىنى ئاستا داۋاملاشتۇردى، ــ ئەمدى بىز يەنە كۆرۈشەلەمدۇق - يوق، بۇنى كىم بىلىدۇ دەيسەن؟! ئىشقىلىپ، سەن بولساڭمۇ ئوقۇۋال! ماۋۇنى يولدا يەرسەن، ــ ئەلقەم قول ياغلىقتا ئورالغان قوقاستا پۇچىلانغان ئىككى باش كۆممىقوناقنى لۇتپۇللاغا ئۇزاتتى.

لۇتپۇللانىڭ خۇشال كۆڭلى بىردىنلا يېرىم بولۇپ كەتتى، ئۇ دائىم بىللە يۈرىدىغان ئاغىنىسى ئەلقەمنى بۇنىڭدىن كېيىن كۆرەلمەي قېلىش ئېھتىمالىنىڭمۇ بارلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ ئەلقەمنىڭ قولىدىن ئىسسىق كۆممىقوناقنى ئېلىۋېتىپ ئىختىيارسىز دىمىغى ئېچىشىپ، كۆزىگە لۆممىدە ياش كەلدى...

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



هارۋا تاراقلاپ يۈرۈپ كەتتى. نىلقىنىڭ باغۇبوستانلىق مەھەللىرىمۇ بارا - بارا كۆزدىن يىراقلىشىشقا باشلىدى. نىلقىدىن چىقىپ يەنە يەتتە - سەككىز چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن هارۋىكەش بىر بوۋاي بىلەن مومايىنى هارۋىغا چىقىرىۋالدى.

بىر خىلدا تاراسلاپ كېتىۋاتقان ئاتلار بىرنەچچە كۆتەك هارۋا بىلەن خادىك هارۋىنى كەينىدە قالدۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا باشلىرىنى توختىماي چايقاپ ئالغا ئىنتىلەتتى. هارۋىدىن تاراڭ - تاراڭ قىلغان رىتىملىق ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

هارۋىدىكى بوۋاي بىلەن موماي چارچىغان بولسا كېرەك، بېدىلەرگە يۆلىنىپ تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىشتى.

هارۋىكەش ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن مالخىيىنى تىزىغا ئېلىپ قويۇپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. قولىنى بولسا ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا رىتىملىق ئۇرۇپ ناخشىسىغا تەڭكەش قىلاتتى:

جاپانى كىم تولا تارتسا،
گۆھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن.
گۆھەرنى ئالغۇچە تاشتىن،
نى ئىشلار ئۆتەر باشتىن.

ناخشا ئۇزاق داۋام قىلدى. لۇتپۇللا هارۋىكەشنىڭ مۇڭ بىلەن تولغان جاراڭلىق ناخشىسىدىن تەسىرلىنىپ

ئولتۇراتتى ھەم ئۆزىگە تونۇش يەرلەرگە كەلگەندە ناخشىغا قوشۇلۇپمۇ قوياتتى.

ناخشىغا بەك ئۇستا ئىكەنسىز، ئاكا، ــ دېدى لۇتپۇللا ھارۋىكەش ناخشىسىنى توختاتقاندا.

ــ ئۇنچىۋالامۇ ئەمەس، بۇ ئۇزۇن يوللارنى ناخشا بىلەن تۈگەتمىسەك... ھە، ئۆزۈڭ غۇلجىغا ئوقۇغىلى ماڭدىڭ، شۇنداقمۇ؟

ــ شۇنداق، ــ دېدى لۇتپۇللا ئۇنىڭغا ئويناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن بېقىپ.

ــ ئوقۇش دېگەن ئوبدان ئىش، بالىلىقىڭدا ئوقۇۋال، ئۇكا، بىراق يىراق يەرلەردە ھالىڭدىن خەۋەر ئالىدىغان ئاتا - ئاناڭ يوق جاپا تارتىپ قالارسەنمىكىن؟

ــ جاپا بولسا نېمە بولاتتى، ئۆزىڭىز ھازىر «جاپانى كىم تولا تارتسا، گۆھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن» دەپ ناخشا ئېيتتىڭىزغۇ.

ــ ۋاھ، گەپلىرىڭ جايىدىغۇ سېنىڭ! ــ دېدى ھارۋىكەش لۇتپۇللانىڭ چاقماقتەك سۆزلىرىگە قايىل بولۇپ، ــ خوش، جاپا چېكىپ بىلىم ئېلىپ گۆھەرگە ئىگە بولدۇڭمۇ دەيلى، ئۇنى نېمە قىلىسەن؟

لۇتپۇللا بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى - دە، ئاندىن كېيىن كېسىپ ئېيتتى:

ــ ھەممىمىز ئۈچۈن ئىشلىتىمەن!

ــ ھۇششەرە، مانا، ئوغۇل بالىنىڭ گېپىنى قىلدىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى





يارايسەن. مەنمىچۇ، ئۇكا، ئوقۇشقا ناھايىتى ھېرىسمەنتىم دېگىنە، بىراق نېمىسىنى دەيسەن. ھەي، ئەمدىلا بەشباشلىقتىن قول ئۈزۈپ ئوقۇشقا كىرىشەي دېگەندە دادام قازا قىلىپ كەتتى. داداممۇ ھارۋىكەش ئىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ بىر تۆت بالا يېتىم قالدۇق. مەن ئۆينىڭ چوڭى بولۇپ قالدىم. بۇنداق چاغدا ئوقۇش - پوقۇشلىرىڭنى ئويلايدىغانغا نەدە پۇل دەيسەن؟! ئامال يوق. مەن ئون تۆت ياش ۋاقتىمدىلا دادامنىڭ ھارۋىكەشلىك قامچىسىنى قولۇمغا ئالدىم. دەسلىپىدە چوڭ ھارۋىكەشلەر بىلەن بىرنەچچە يىل بىللە يۈردۈم، كېيىن ئۆزۈم يالغۇز تېكەس، كۈنەس، قاش، قاينۇق، جاغىستاي، قورغاس[1] دېگەنلەرنى ئالا قويماي كېزىپ چىقتىم. تەلكىدىن ئېشىپ ئۈرۈمچى تەرەپلەرگىمۇ باردىم. ئۇنىڭ نېرىسىدىكى ئالتە شەھەرگىمۇ باردىم. بىراق، بۇ دۇنيا بەكمۇ تەڭسىز يارالغانىكەن دېسەڭچۇ! ھەممىلا يەردە غۇربەتچىلىك... ئەگەر مەن خەت يېزىشنى بىلگەن بولسام، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىرمۇبىر يېزىپ قوياتتىم. بىرمۇبىر! — ئۇ ئېغىر بىر «ئۇھ» تارتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇنداق - مۇنداق يازمايتتىم. ھەممە ئادەم ئىبرەت ئالىدىغان قىلىپ يېزىپ قوياتتىم دېگىنە! بۇنىڭمۇ ھەممىمىز ئۇچۇن پايدىسى تەگكەن بولاتتى...

لۇتپۇللا بۇ جاسارەتلىك ھارۋىكەشنىڭ تەسىرلىك سۆزلىرىدىن ئىرادىسىگە كۈچ توپلىماقتا ئىدى...

ئۇلار بىر كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ ئەتىسى تاڭ

[1] ئىلىدىكى جاي ئىسىملىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com



سۈزۈلۈشكە باشلىغاندا غۇلجا شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. هارۋىكەش ئېيتىپ بېرىلگەن بەلگىلەرگە ئاساسەن لۇتپۇللانى ھەرەمباغدىكى كىچىك ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، بوۋاي بىلەن موماينى ئېلىپ دەڭگە يۈرۈپ كەتتى.

# مەكتەپكە كىرىش

ياشلىق – چاقماقسەن، چېقىپ ئۆچسەن،
ئەۋرىشىم چېغىڭ مۇشۇ ئۆگەنگىن، ئۆگەن!
قاراڭغۇ دىل چۆلگە بىر كۈن چۆكسەن،
ئادەم بولۇش دۇلدۇلىغا سالمىساڭ يۈگەن!

(لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «ياشلىق ئۆگەن» دېگەن شېئىرىدىن)

مەكتەپلەر ئوقۇغۇچى تىزىملاشنى تېخى باشلىمىغان ئىدى، لۇتپۇللا بولسا بۇ كۈننى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى.

ئاخىر سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتكەن كۈنمۇ يېتىپ كەلدى. «مەكتەپلەر ئېچىلىپتۇ» دېگەن خەۋەر ئاڭلىنىشى بىلەن تەڭلا لۇتپۇللا بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى كىچىك دادىسى بىلەن كۆرۈپ كەلگەن مەكتەپكە قاراپ ماڭدى.

يوللار ئاۋات، ھەرخىل ماشىنا - ۋېلىسىپىتلەر ئۆتۈپ تۇراتتى، ئۇستىگە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان گىلەم يېپىلغان پەيتۇن، پوۋشكا، خادىك ھارۋىلار قاتنايتتى. ماشىنىلارنىڭ سىگناللىرى ئويناقشىپ ماڭغان ئاتلارنىڭ بويۇنلىرىدىكى مىس قوڭغۇراقلارنىڭ جىرىڭلىشىغا قوشۇلۇپ كوچىلارنى تېخىمۇ جانلاندۇراتتى. مېۋىلىك باغلارنىڭ تاملىرىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۆرۈنۈپ تۇرغان قىپقىزىل ئالمىلار، پاكىز سۈپۈرۈلگەن ئىشىك ئالدىلىرىدىكى ئېرىقلاردا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇلار، ئۆستەڭ بويلىرىغا تىكىلگەن سۆگەت ھەم مەجنۇنتاللار كىشىگە ھۇزۇر بېرەتتى.

غۇلجا شەھىرى ئەينى يىللاردا پەن - مەدەنىيەت ئەربابلىرى، پەيلاسوپلار، يازغۇچىلار، شائىرلار، سازەندىلەر، رەسساملار، ئارتىسلار توپلاشقان جاي ئىدى. بولۇپمۇ ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى خەلقنىڭ ئاڭ سەۋىيەسى، مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش يولىدا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغانىدى.

پەشتاقلىق، گۈمبەزلىك، ئالتۇن قۇببىلىق مەسچىتلەر، ھەرخىل ياسىداق ئۆي - ئىمارەتلەر، ئېگىز تۇرخۇنلۇق زاۋۇتلار، كۆركەم كىنوخانا ۋە تىياتىرخانىلار، مەكتەپ ۋە دوختۇرخانىلار غۇلجا شەھىرىنىڭ يېقىنقى زامان مەدەنىيىتىنى نامايان قىلاتتى.

مانا بۇلار لۇتپۇللاغا غۇلجا خەلقىنىڭ خۇش پېئىل، ناخشا - مۇزىكىغا ئامراق، مېھماندوست، چاقچاقچى خەلق ئىكەنلىكى، ئۆز تارىخىدا زۇلۇمغا قارشى نۇرغۇن قېتىم ئادالەت بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، قانلىق كۈرەشلەر قىلىپ، تارىخ سەھىپىسىدە شانلىق خاتىرىلەرنى قالدۇرغانلىقى ھەم ئاجايىپ يېڭى ۋە مول مەدەنىيەت ياراتقانلىقى توغرىسىدا ئاددىي ساۋات بېرىۋاتاتتى.

لۇتپۇللا كېتىۋېتىپ پات - پاتلا داڭقېتىپ تۇرۇپ قالاتتى - دە، يەنە ئاللىقانداق تاتلىق ھېسلارغا تولۇپ يولنى داۋام قىلاتتى.

لۇتپۇللا چوڭ يول بىلەن خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، تەشلەپكە كوچىسىدىكى ئىككى قەۋەتلىك تاتار باشلانغۇچ مەكتىپىگە يېتىپ كەلدى.

مەكتەپنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىدىن كىرگەندە ئىككى ياندا يوغان ئىككى تۈپ سېدە دەرىخى بار ئىدى، سېدىنىڭ سايىسى چۈشۈپ تۇرغان جايغا بىرنەچچە ئۇستەل - ئورۇندۇقلار قويۇلغان، ئوتتۇرىدىكى ئۇستەلدە «ئوقۇغۇچى تىزىملاش ئورنى» دەپ يېزىلغان كىچىككىنە تاختاي تۇراتتى، ئۇ يەردە بىر تۈپ كىشىلەر بالىلىرىنى تىزىمغا ئالدۇرۇۋاتاتتى، لۇتپۇللا ئۆزىنىڭ يالغۇز كەلگىنىدىن ئوڭايسىزلانغان هالدا ئۇلارغا قاراپ بىر پەس جىم تۇرۇپ قالدى، كېيىن ئۇ تونۇتوغرا چەتتىكى ئايال مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزىنى مەكتەپكە تىزىمغا ئالدۇرماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

— ئىسمىڭ نىمە؟

— لۇتپۇللا.

— داداڭنىڭچۇ؟

— هېزىم، بوۋامنىڭ ئىسمى مۇتەللىپ.

— نېمە ئۈچۈن داداڭ ياكى ئاپاڭ بىلەن كەلمىدىڭ؟

— دادام بىلەن ئاپام نىلقىدا، مېنى كىچىك دادام ئەتە ئەكېلىپ تىزىملاتماقچى ئىدى، مەن ئەتىنى كۈتمەيلا كېلىۋەردىم.

— ناهايىتى ياخشى، ئوقۇشقا قىزىقىدىكەنسەن - دە؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



– ھەئە، مەن ئۆيدىمۇ ئوقۇغان...

– ئۆيدىمۇ ئوقۇغان؟ ئۇنداق بولسا سىنىڭدىن ئىمتىھان ئېلىپ باقسام بولغۇدەك.

ئوقۇتقۇچى يېنىدا دەستىلەگلىك تۇرغان كىتابلاردىن بىرنى سۇغۇرۇپ ئالدى - دە، لۇتپۇللاغا بىرنەچچە يەرلىرىنى ئوقۇتۇپ ئاڭلىدى، يازدۇرۇپ كۆردى، ھېسابلارنى ئىشلىتىپ باقتى. شۇنىڭدىن كېيىنلا مۇئەللىم مەمنۇن بولغان ھالدا ئۇنى 3 - سىنىپقا قوبۇل قىلدى.

بۇ 1932 - يىلى 25 - ئاۋغۇست بولۇپ، لۇتپۇللا ئون ياشتا ئىدى.

# تۇنجى بىرىنچى سىنتەبىر

**مانا بۈگۈن كۈرەش قوينىغا**
**ئۆزۈمنى ئاتتىم.**
**كۈرەش دولقۇنلىرىدىن،**
**تاتلىق ئىلھاملار ئېلىپ.**

(لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «كۈرەش ئىلھامى» دېگەن شېئىرىدىن)

بۈگۈن بىرىنچى سىنتەبىر، مەكتەپلەردە ئومۇميۈزلۈك ئوقۇش باشلىنىدىغان كۈن، لۇتپۇللا تۇنۇگۈن ئاخشام لامپىنىڭ يورۇقىدا ئولتۇرۇپ، قېلىن سېرىق قەغەز بىلەن سىرتىنى تاشلاپ چىققان دەپتەر - كىتابلىرىنى خۇرۇم سومكىسىغا سالدى، ئاندىن يېرىم چىنە ئەتكەنچاينى ئازراق نان بىلەن ئىچىپ مەكتەپكە ماڭدى.

بۈگۈن كوچىلار ئەتىگەندىلا قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى. بويۇنلىرىغا جىلتا ئاسقان، قوللىرىدا سومكا تۇتقان بالىلار بىر - بىرىدىن ئالدىراش مەكتەپلەرگە قاراپ كېتىۋاتاتتى، بەزى بالىلار ئۆز سىنىپلىرىنى زىننەتلەش ئۈچۈن قوللىرىدا گۈللەرمۇ كۆتۈرۈشۈۋالغانىدى. قىزلارنىڭ شوخ كۈلكىلىرى، ئوغۇللارنىڭ چۇقانلىرى كوچىلارغا جان كىرگۈزگەن، بۈگۈن ھەممىسى خۇشال، لۇتپۇللامۇ بەك خۇشال ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەكتەپ ئىچى باللار بىلەن تولغان، ھەربىر سىنىپ ئالاھىدە بىر توپ بولغانىدى. لۇتپۇللا كېلىپ خېلىغىچە قايسى توپقا قوشۇلۇشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. كېيىن ئۇنى تىزىمغا ئالغان ھېلىقى ئايال مۇئەللىم ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ئاپىرىپ، بىر توپ باللارغا تونۇشتۇردى - دە، ئۇلارنى رەتكە تىزدى. لۇتپۇللانىڭ جۇغى كىچىك بولغاچقا، ئەڭ ئالدىدا تۇرۇشقا توغرا كەلدى.

باشقا سىنىپلارمۇ سەپ تارتىشتى، ھەربىر سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالدىدا بىردىن مۇئەللىم باللارغا قاراپ تۇراتتى، بىردەمدىن كېيىن مەكتەپ ئىشىكى ئالدىدىكى پەلەمپەيدە مەكتەپ مۇدىرى پەيدا بولدى. ئۇ يېڭى ئوقۇش يىلىنىڭ باشلىنىشى ھەققىدە تەبرىك سۆزى سۆزلىدى. ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئوبدان ئوقۇپ، يېڭى ئوقۇش يىلىدا ياخشى نەتىجىلەرنى يارىتىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

مۇدىرنىڭ سۆزى ئاياغلاشقاندىن كېيىن مۇئەللىملەر ئوقۇغۇچىلارنى سىنىپلارغا ئېلىپ كىردى. دەسلەپ بىرىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئاندىن ئىككىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۈچىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆز سىنىپلىرىغا كىرىشتى. لۇتپۇللا تىزىلغان سەپنى ھېلىقى ئايال مۇئەللىم سىنىپقا ئېلىپ كىرىپ پارتىلارغا رەت - رېتى بىلەن ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ سىنىپقا تەربىيەچى بولۇپ بېكىتىلگەنلىكىنى، ئىسمىنىڭ رەمزىيە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

بىرىنچى سائەتلىك دەرستە رەمزىيە مۇئەللىم بۇ يىل تاتار تىلى، ھېساب، رەسىم، ناخشا، تەنتەربىيە قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلىدىغانلىقىنى تونۇشتۇردى. ئۇ يەنە لۇتپۇللانى كۆرسىتىپ، بۇ سىنىپقا يېڭىدىن بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغانلىقىنى، باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشى لازىملىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتتى. ئاندىن ئوقۇغۇچىلار سىنىپ تەربىيەچىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە سىنىپ ھەيئەتلىرىنى سايلاشقا ئۆتتى.

— ئېلبېك سىنىپ باشلىقى بولسۇن، ئېلبېك بولسۇن، بۇلتۇرمۇ شۇ سىنىپ باشلىقى ئىدى، — دەپ چۇرقۇراشتى بالىلار.

— ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلماڭلار، كىم سۆزلىمەكچى بولسا قولىنى كۆتۈرسۇن! — دېدى مۇئەللىم.

بالىلار بىر - بىرىگە قارىشىپ تىللىرىنى چىقىرىپ قويۇشتى - دە، جىم بولۇشتى ۋە قول كۆتۈرۈپ سايلاشقا كىرىشتى.

بويى ھەممىدىن ئېگىزرەك ھەم بەستلىكرەك كەلگەن، ئاخىرقى پارتىدا ئولتۇرىدىغان ئېلبېك سىنىپ باشلىقى بولدى، چاڭىلداپ سۆزلەيدىغان سېرىق چاچلىق دوملاققىنا قىز گۇلگىنە ئۇنىڭ ياردەمچىسى بولدى.

بىرىنچى قېتىملىق سىنىپ يىغىنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، رەمزىيە مۇئەللىم يېڭى دەرسلىكلەرنى تارقىتىپ بەردى.

دەرستىن چۈشۈشكە قوڭغۇراق چېلىنغاندى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى



لۇتپۇللا كىتاب - دەپتەرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا، رەمزىيە مۇئەللىم ئۇنى توختىتىۋېلىپ سورىدى:

– باللار ساڭا ياقتىمۇ؟

– ياقتى، بەك ياخشى باللار ئىكەن.

– ئەمدى دەرسلەر باشلىنىدۇ. بىزنىڭ دەرسلىرىمىزنىڭ ھەممىسى تاتارچە سۆزلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ساڭا قىيىن كېلىدۇ. دەرسلەرنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈشۈڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن تاتار تىلىنى پۇختا ئۆگىنىشىڭ كېرەك. مانا بۇ بىرىنچى، ئىككىنچى سىنىپلارنىڭ تاتار تىلى دەرسلىكى، سەن ھەر كۈنى دەرستىن چۈشكەندە مۇشۇ كىتابلارنى ئېلىپ مېنىڭ قېشىمغا كىرگىن، مەن ساڭا قوشۇمچە دەرس بېرەي، كېيىن ئاستا - ئاستا باشقا باللارغا يېتىشىۋالىسەن. سېنىڭ ئاتا - ئاناڭ نېمىدېگەن ياخشى، سېنى شۇنچە يىراق يەردىن شەھەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىپتۇ، سەن ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويما، تىرىشىپ ئۆگەن!

– خاتىرجەم بولۇڭ، مۇئەللىم. مەن تىرىشىپ ئوقۇيمەن. مانا قاراڭ، دەرس جەدۋىلىنىمۇ كۆچۈرۈۋالدىم، – دېدى لۇتپۇللا ئايرىم بىر ۋاراق قەغەزگە كۆچۈرۈۋالغان دەرس جەدۋىلىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

لۇتپۇللا رەمزىيە مۇئەللىم بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى، مۇئەللىم ئۇنىڭ كەينىدىن قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى. پېشقەدەم تاتار ئوقۇتقۇچى رەمزىيە بۇ تېتىك ۋە چېچەن ئۇيغۇر بالىسىنى چىن دىلىدىن ياقتۇرۇپ قالغانىدى.

# رەسسام تاللاش

خالايمەن دوستۇم بۇلاقتەك
خۇشال شارقىراپ ئېقىشنى،
خالايمەن ئەركىن تايچاقتەك
ئىجاد يايلىقىدا قېيغىتىشنى...

(لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «ئىككى لىرىكا» دېگەن شېئىرىدىن)

ئوقۇش باشلانغىنىغا ئىككى ئايچە بولۇپ قالغان ئىدى. ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن سىنىپ يىغىنى بولاتتى. ئەنە شۇنداق يىغىنلارنىڭ بىرىدە سىنىپ باشلىقى ئېلبېك:

— مۇئەللىم، تۆتىنچى سىنىپنىڭ تام گېزىتى بەك قىزىقارلىق چىقىۋېتىپتۇ، بىزنىڭ تام گېزىتتە رەسىم بولمىغاچقا، ئانچە ياخشى كۆرۈنمەيۋاتىدۇ. بىزگىمۇ رەسىم سىزىپ بېرىدىغان باللار بولسا، بىزمۇ گېزىتىمىزنى رەسىم بىلەن قىزىقارلىق چىقىراتتۇق، — دېدى.

— ياخشى گەپ، — دېدى مۇئەللىم ۋە باللارغا قاراپ سورىدى، — ئىچىمىزدە كىم رەسىم سىزالايدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باللاردىن ھېچقايسىسى جاۋاب بەرمىدى.

— ئەمىسە مۇنداق قىلايلى، ئەتىلىككە ھەربىر ئوقۇغۇچى ئۆزى سىزغان رەسىملىرىنى ئەكەلسۇن، تەييار رەسىملىرى يوقلار بوگۇن سىزسىمۇ بولىدۇ، شۇ رەسىملەرگە قاراپ تام گېزىتىگە رەسسام تاللايلى، بولامدۇ؟ — دېدى مۇئەللىم.

ئەتىسى باللار سىزغان رەسىملىرىنى ئېلىپ كېلىشتى، بۇنىڭ بەزىلىرى بۇرۇن سىزىلغان رەسىملەر، بەزىلىرى بولسا تۇنۇگۇن كەچتە سىزىلغان رەسىملەر ئىدى.

لۇتپۇللا نىلقىدا سىزىلغان رەسىملىرىگە تۇنۇگۇن سىزغان بىر پارچە رەسىمنى قوشۇپ ئېلىپ كەلگەن ئىدى، ئۇنىڭ يېڭى سىزغان رەسىمدە پارتىدا قولىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرغان بىر ئوغۇل بىلەن بىر قىزنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، رەسىمنىڭ تېگىگە بولسا «ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار» دېگەن ھۆسنخەت يېزىپ قويۇلغانىدى.

رەمزىيە مۇئەللىم قاتار بويىچە رەسىملەرنى كۆرۈپ لۇتپۇللانىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن رەسىملىرىنى كۆرۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ بۇرۇن سىزغان رەسىملىرىدە قۇشلارنىڭ، تاغلارنىڭ ۋە ئادەملەرنىڭ رەسىملىرى بار ئىدى. مۇئەللىم لۇتپۇللانىڭ يېڭى سىزغان رەسىمگە خېلى ئۇزاق سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن:

— بۇ رەسىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈڭ سىزدىڭمۇ؟ — دەپ

سورىدى.

– ئۆزۈم سىزدىم. بۇ يەردە كېرەك بولىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام، ھەممىسىنى ئالغاچ كەلگەن بولاتتىمكەن. مېنىڭ كىچىك دادام رەسسام ئىدى، مەن شۇنىڭدىن ئۆگەنگەن.

– لۇتپۇللا رەسىمنى ياخشى سىزىدىكەن، – دېدى مۇئەللىم ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرىنى بالىلارغا بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

ئوقۇغۇچىلار بويۇنلىرىنى سوزۇپ قاراشتى، لۇتپۇللا جىم تۇراتتى.

– سىنىپىمىزنىڭ تام گېزىتىگە رەسىمنى سەن سىزىپ بەرگىن، بولامدۇ؟ ياكى ئېغىر كېلىپ قالامدۇ؟ – سورىدى مۇئەللىم.

– ياق، ئېغىر كەلمەيدۇ، – دېدى لۇتپۇللا، – پەقەت نېمىنى سىزىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ بېرىپ تۇرسىڭىزلا بولىدى.

بالىلار لۇتپۇللانىڭ سىزغان رەسىملىرىنى كۆرۈپ ياقتۇرۇپ قېلىشتى ۋە ئۇنى سىنىپ گېزىتىگە رەسسام قىلىپ سايلاشتى.

مۇئەللىم ئۇنىڭغا تام گېزىتىنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى.

تام گېزىتىنىڭ مەزمۇنىنى ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم يەڭگۈشلەپ تۇرۇش، دەرستە، ئىنتىزامدا، تازىلىقتا،

ئۇيغۇر كىتاب تورىپكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى

ئەخلاقتا ئۆلگە كۆرسەتكەن ئوقۇغۇچىلارنى تونۇشتۇرۇش، ناچار ئىللەتلەرنى تەنقىد قىلىپ تۇرۇش بەلگىلەندى. ئەمدى سىنىپنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىنى ئېلىبېك، گۈلگىنە، لۇتپۇللا ھەم گۇرۇپپا باشلىقلىرى بولۇپ ئالتە كىشىلىك ھەيئەت ئىشلەيدىغان بولدى.

لۇتپۇللا دەسلەپكى كۈنلەردە دەرستە خېلىلا قىينالدى ھەم جۈدەپمۇ كەتتى. «باشقىلاردىن كېيىن قالسام تازىمۇ قاملاشمىغان ئىش بولىدۇ - دە» دەيتتى ئۇ پات - پات ئۆز - ئۆزىگە، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ قاتتىق تىرىشىشى ۋە مۇئەللىمىنىڭ ئەستايىدىل ياردىمى نەتىجىسىدە چارەكلىك سىناقتا ھەممە دەرستىن ياخشى نومۇر ئالدى. بۇنىڭدىن ئۆزىلا ئەمەس، بەلكى رەمزىيە مۇئەللىممۇ بەك خۇرسەن بولدى، ئەگەر لۇتپۇللا دەرستە يېتىشەلمەي قالسا سىنىپنىڭ ئومۇمىي ئىلمىي نەتىجىسىگە تەسىر يەتكەن بولاتتى.

بىراق، بۇ قېتىمقى چارەكلىك سىناقتا ھېساب بىلەن تىلدىن ئۆتەلمەي قالغان بىرنەچچە بالا بار ئىدى، ئۇلار ئۆيلىرىدە دەرس تەكرارلىمايتتى، تاپشۇرۇقلارنى باشقىلاردىن كۆچۈرۈۋالاتتى، «بۇلارغا باش قاتۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ بەربىر چۈشىنەلمەيمىز، ياخشىسى كۆچۈرۈپلىۋالايلى» دەپ ئويلايتتى ئۇلار.

ئۇلار دوسكىغا چىقىرىلسا، خۇددى مۇئەللىمنىڭ سورىغىنىغا جاۋاب ئىزدەپ ئويلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، ئەمەلىيەتتە بولسا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغان بالىلارغا قاراپ، ئۇلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىنى

كۈتەتتى. بۇنداق بىچارە قىياپەتنى كۆرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىش كويىغا چۈشەتتى - دە، سىنىپ تەرتىپى بۇزۇلاتتى.

بىرنەچچە قېتىملىق سىنىپ يىغىنىدا بۇ مەسىلە ئوتتۇرىغا چۈشكەن ئىدى، كۆچۈرۈۋېلىش، ئېيتىپ بېرىشكە ئوخشاش ناچار قىلمىشلار تەنقىدلىنىپ، ھەركىم ئۆز ئەقلىنى ئىشقا سېلىش، مۇستەقىل ئىشلەش، تىرىشىپ ئوقۇش تەكىتلەندى، ئەمما بۇ گەپلەر بەزى بالىلارغا تەسىر قىلمىدى.

بۈگۈن رەمزىيە مۇئەللىمنىڭ قاتنىشىشى بىلەن يەنە سىنىپ يىغىنى بولدى. يىغىندا چارەكلىك سىناقتا «2»[1] نومۇر ئالغانلار ئۈستىدە نۇرغۇن پايدىلىق پىكىرلەر بېرىلدى، ھەتتا «3» نومۇر ئالغانلار ئۈستىدىمۇ خېلى گەپ بولدى، چۈنكى «3» نومۇر ئالغان ئوقۇغۇچى دىققەت قىلمىسا، ئاسانلا «2» نومۇرغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

يىغىندا يەنە بەزى بالىلارنىڭ دەرس ۋاقتىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىدىغانلىقى، بالىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى بىر - بىرىگە ئېيتىپ بېرىپ، سىنىپ ئىنتىزامىنى بۇزىدىغانلىقى كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى.

— ھەممە چاتاق دوسكىغا چىققانلارغا سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئېيتىپ بېرىشتىن چىقىۋاتىدۇ، ئەگەر سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئېيتىپ بەرمىسە، سىنىپ

[1] ئۇ ۋاقىتلاردا «5»لىك سىستېما يۈرگۈزۈلگەن بولۇپ، «ئەلا» بولغانلارغا «5»، «ياخشى»لارغا «4». «ئورتا» بولغانلارغا «3»، ناچارلارغا «2» نومۇر قويۇلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئىنتىزامىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى، ــ دېدى ئېلبېك.

ــ ئەمدى بىز ئېيتىپ بېرىشكە ئۈمىد باغلىماسلىقى ئۈچۈن قەستەن خاتا ئېيتىپ بەرسەك بولامدىكىن، ــ دېدى گۈلگىنە.

ــ ياق، بۇ توغرا ئىش ئەمەس. ئەگەر كىم دەرسنى بىلەلمەيۋاتقان بولسا، ئۇنىڭغا سەممىمي ياردەم بېرىش كېرەك، ئەتەي خاتا ئېيتىپ بېرىشكە بولمايدۇ، ــ دېدى مۇئەللىم.

كۆپچىلىك مۇئەللىمگە قاراپ جىم بولدى.

ــ رۇخسەتمۇ؟ ــ دېدى لۇتپۇللا پىكىر بېرىشكە قول كۆتۈرۈپ، ــ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئېيتىپ بېرىپ سىنىپ تەرتىپىنى بۇزىدىغانلارنى، ئۆزلىرى مېڭە ئىشلەتمەي باشقىلاردىن كۆچۈرۈۋالىدىغانلارنى تام گېزىتىگە چىقىرىپ ئىزا تارتقۇزساق بولمامدۇ؟

ــ توغرا، شۇنداق قىلايلى! ــ دەپ تەڭلا ۋارقىرىۋەتتى ئېلبېك بىلەن گۈلگىنە مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك.

ــ ئۇنداقلارنى تام گېزىتىگە چىقىرىپ ئاگاھلاندۇرۇش، زۆرۈر بولسا سۈرەتلىرىنىمۇ سىزىپ چىقىرىش كېرەك. شۇ چاغدا ئۈنۈمى بولىدۇ، ــ دېدى گۈرۈپپا باشلىقلىرىدىن بىرى تولۇقلاپ.

بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى تام گېزىتلەردە پەقەت ياخشى ئوقۇغانلارغا بېغىشلانغان ماقالىلەر ھەم رەسىملەر چىقىرىلاتتى، تام گېزىتىدە تەنقىد قىلىش تېخى يېڭى ئىش ئىدى، شۇڭا رەمزىيە مۇئەللىم بىر ھازا ئويلانغاندىن

كېيىن قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ كېلەركى سان گېزىتنى قانداق ئىشلەش كېرەكلىكى ھەققىدە بىرنەچچە پىكىر بەردى ۋە سىنىپ ھەيئەتلىرىنىڭ بۇ ھەقتە ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشىنى تاپشۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




# يېڭى تام گېزىتى

**ئادەم بالىسى ياپراق، كىر قونماس ئېسىل،**
**ھەممىدىن ئۆتكۈر ئۇنىڭ مېڭىسى.**
**باق، ئويلان... ئوبدان پىكىر قىل،**
**دەۋرگە ئامراق يېڭىنىڭ يېڭىسى.**

(لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «ياشلىق ئۆگەن» دېگەن شېئىرىدىن)

ئۆتكەن ھەپتە ئۆتكۈزۈلگەن سىنىپ ھەيئەتلىرى يىغىنىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن لۇتپۇللا تام گېزىتىگە بىر ھەجۋىي رەسىم ئىشلىدى. بۇ رەسىمدە دوسكا ئالدىدىكى بىر بالىنىڭ بېرىلگەن مەسىلىنى ئىشلىيەلمەي، يوغان سالپاڭ قۇلىقىنى باشقىلارغا قارىتىپ دىڭگايتىپ تۇرغانلىقى تەسۋىرلەنگەنىدى.

لۇتپۇللا سىزغان يەنە بىر رەسىمدە بولسا پارتىدىن گەۋدىسىنى سەل كۆتۈرۈپ، ئىنچىكە بويىنىنى ئالدىغا سوزۇپ تۇرغان بىر بالىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن، ئۇنىڭ دوسكىدىكى بالىغا بىرنېمىلەرنى ئېيتىپ بېرىۋاتقان ئاغزى ئالامەت يوغان سىزىلغان بولۇپ، كۆزى بولسا بىر قولىدىكى ئېچىلغان كىتابقا سىڭار يان قاراپ تۇراتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بۇ رەسىملەرنىڭ بىرى تام گېزىتىنىڭ سول تەرەپ يۇقىرىسىدىكى بۇرجەككە، يەنە بىرى تام ئۇلىڭ تەرەپ تۆۋەندىكى بۇرجەككە چاپلانغان ھەم ھەربىر رەسىمنىڭ ئاستىغا مۇنداق شېئىرمۇ يېزىلغانىدى:

تەلئەت تاپشۇرۇق ئىشلىمەيدۇ ھېچ،
كۆچۈرۈۋېلىشقا لېكىن بەك خۇشتار.
كۈتىدۇ تەمە باشقىلاردىن ئۇ،
دوسكىغا چىقسا ئىشى پاش بولار.

بىزنىڭ راۋىلباي كىتابقا قاراپ،
ئېيتىپ بېرىشكە ئاجايىپ ئامراق،
دەرس ۋاقتىدا كۆڭلى ئويۇندا،
ياخشى گەپلەرگە سالمايدۇ قۇلاق.

بۇ يېڭى تام گېزىتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، ئۇنى كۆرگەن ھەربىر بالا كۇلمەي تۇرالمايتتى، بەزى شىتىلە باللار تام گېزىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «مانا تاماشا، قاراڭلار، نېمىدېگەن كۆيۈمچان ئوقۇغۇچىلار بۇ! ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە قىلغان ياردەملىرىنى كۆرۈڭلار!» دېيىشىپ ۋارقىرىشاتتى، بۇ گېزىتتىن ئوقۇتقۇچىلارمۇ خەۋەردار بولدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىش بىردەمدىلا مەكتەپكە پۇر كەتتى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سىنىپتا بىر - بىرىگە سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئېيتىپ بېرىدىغان، تاپشۇرۇقنى

بىر - بىرىدىن كۆچۈرىدىغان ئىشلار ئازايدى. چۈنكى، ھېچقانداق بالىنىڭ بۇ تەرزدە تام گېزىتىگە چىققۇسى يوق ئىدى!

بۇ ئىشتىن بەزى كەپسىز، ھۇرۇن ئوقۇغۇچىلار، بولۇپمۇ راۋىل قاتتىق خىجالەت بولدى. چۈنكى، ئېيتىپ بېرىشكە كەلگەندە ھەممىدىن بەكرەك چۇقان كۆتۈرىدىغىنى شۇ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساۋاقداشلىرىنىڭ تەنقىدلىرىگىمۇ پىسەنت قىلمايتتى. ئۇ ئەمدى باشقىلارغا ئېيتىپ بېرىشنى تاشلاپ، تىرىشىپ ئوقۇش، ئەلاچىلار قاتارىغا ئۆتۈش نىيىتىگە كەلدى.

ئەمما تەلئەت تام گېزىتنى كۆرگەندىن كېيىن ئەكسىچە ئويلىدى. ئۇ سىنىپ بويىچە ئەڭ كەپسىز ئوقۇغۇچى بولۇپ، چارەكلىك سىناقتا بىراقلا ئۈچ دەرستىن ئۆتەلمىگەنىدى، ئۇنىڭ مەكتەپ سىرتىدا بىرنەچچە ئۈلپەتلىرى بار ئىدى. دەرستىن كېيىنكى ۋاقىتلىرىنى شۇلار بىلەن گەرەتكە[1] ئويناش، ماجىرا چىقىرىش بىلەنلا ئۆتكۈزەتتى، بۇ قېتىمقى تام گېزىت ئۇنىڭغا ناھايىتى ھار كەلگەچكە، ئۇ لۇتپۇللادىن ئۆچ ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى.

تام گېزىتى ئىككى ھەپتە چاپلاقلىق تۇردى، بۇ جەرياندا ئىككى قېتىم سىنىپ يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالى ۋە سىنىپ ئىنتىزامى مۇھاكىمە قىلىندى، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا تاپشۇرۇق ئىشلىمەيدىغان ئەھۋاللار ئاساسەن تۈزىتىلىپ،

[1] گەرەتكە: ياغاچ كالتەكلەردىن ياسالغان ئويۇنچۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرېسى



ئىنتىزام ياخشىلانغانىدى، ئەمما دەرسلەردە تۆۋەن نومۇر ئالىدىغانلار ھېلىمۇ بار ئىدى، شۇڭا ئەمدى «2» نومۇر ئېلىشنى قەتئىي تۈگىتىش ئۈچۈن سىنىپ كوللېكتىپى بويىچە بىردەك ئىرادە تىكلەندى. بۇ قېتىم ئىلگىرى ناچار ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى دەپ ھېسابلانغان راۋىلمۇ سۆزلىدى.

— راست، مەن ئىلگىرى دەرسكە كۆڭۈل قويمايتتىم، دوسكىغا چىققانلارغا سوئالنىڭ جاۋابىنى كىتابتىن ئېيتىپ بېرىپ تەرتىپنى بۇزاتتىم. ئۆتكەندە تام گېزىتىدە مەن توغرۇلۇق ھەجۋىي رەسىم چىققاندا دەسلەپ ئاچچىقىم كەلدى. كېيىن ئويلىسام قىلغىنىم توغرا ئەمەس ئىكەن، مەسىلە ئۆزۈمدە ئىكەن، ئوقۇشقا ئەستايىدىل كىرىشمىگەنلىكىمنى، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلىرىمنى ئويلاپ بەك خىجالەت بولدۇم، شۇنىڭدىن تارتىپ تاپشۇرۇقلارنى قېتىرقىنىپ ئىشلەۋاتىمەن، چۈشىنەلمىگەنلىرىمنى مۇئەللىمدىن، باشقا باللاردىن سوراپ تۇرۇۋاتىمەن، بىر ھەپتىدەك تىرىشقاندىن كېيىن ھېساب دەرسىمۇ ماڭا خېلىلا چۈشىنىشلىك بولۇپ قالدى. مەن تام گېزىتكە ئەمدى ناچار ئوقۇغۇچى قىياپىتىدە چىقىشنى خالىمايمەن...

ئۇنىڭ سۆزلىرى ئاددىي ئىدى، بىراق ئۇنىڭ ئىرادىسى ساۋاقداشلىرىنى تەسىرلەندۈردى.

سىنىپنىڭ ئىلمىي نەتىجىسى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئەمدىكى مۇھىم گەپ تېخىچە ئۆزىنى ئوڭشىيالمايۋاتقان تەلئەتكە ياردەم بېرىش ئىدى.

ئۇ ئۆتكەنكى تام گېزىتتىن ھېچبىر ساۋاق ئالمىغاندەك كۆرۈنەتتى.

يېقىنقى بىر سىناقتا ئۇ يەنە ئۈچ دەرستىن ئۆتەلمەي قالدى. ئەمما راۋۇلدا بولسا ئىلگىرىلەش زور ئىدى. ئۇ ئىلگىرى ئارانلا «3» نومۇر ئېلىپ كېلىۋاتقان دەرسلىرىدىن «4» ۋە «5» نومۇر ئېلىشقا باشلىدى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپلا تام گېزىتتە بۇ ئىككىسىگە بېغىشلانغان ماقالە بىلەن رەسىم چىقتى، بۇ رەسىملەرنىڭ بىرىدە ئەستايىدىل كىتاب ئوقۇۋاتقان بىر بالىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ئاستىغا «ۋەدىسىنى ئورۇنلىغان بالا» دېگەن ماۋزۇدا ماقالىمۇ يېزىلغانىدى. يەنە بىر تەرەپتە تەلئەتنىڭ گەرەتكە كۆتۈرۈپ ئويۇنغا ئالدىراپ كېتىۋاتقان ھالىتىگە تەقلىد قىلىپ سىزىلغان بىر ھەجۋىي رەسىم بار ئىدى. رەسىمدىكى بالىنىڭ بىر يانچۇقى پومپايغان، يەنە بىر يانچۇقىدىن گەرەتكە كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئارقىسىدىن بولسا «2» نومۇرلار قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. يەنە بىر توپ «2» نومۇرلار بولسا ئۇنىڭ بوينىغا، يىرتىلىپ كەتكەن سومكىسىغا يامىشىپ چىقىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن تەلئەتنىڭ جان - پېنى چىقىپلا كەتتى - دە، لۇتپۇللانىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

– بۇ قانداق يۈزسىزلىك! مەن بىلەنلا بولۇپ قالدىڭغۇ سەن؟

– نېمانچە قاينايسەن؟ – دەپ سورىدى لۇتپۇللا سالماق ئاۋاز بىلەن، – گەرەتكە ئويناش بىلەنلا بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەتلىك ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



كىتاب دەرس تەكرارلىمايدىغانلىقىڭ، سىناقتا ئۈچ دەرستىن «2» نومۇر ئېلىپ سىنىپنىڭ ئىلمىي نەتىجىسىگە نۇقسان يەتكۈزۈۋاتقىنىڭ راستقۇ!

– «2» نومۇر ئالغان يالغۇز مەنمىدىم؟ باشقىلارمۇ گەرەتكە ئوينايدىغۇ، ئۇلارنى چىقارماي، ھەر قېتىمدا قىرىشىپ مېنىلا چىقىرامسەن؟

– چۈنكى، سەن سىنىپىمىزدىكى ھەممىدىن چوڭ ئوقۇغۇچى، ئەسلىدە سەن ھەممىگە ئۈلگە بولۇشۇڭ كېرەك ئىدى. ئۇنداق قىلماي، ئەكسىچە باشقىلارنىڭ ئوقۇشىغا دەخلى يەتكۈزۈۋاتىسەن!

– يالغان گەپ قىلما، مەن ھېچكىمنىڭ ئوقۇشىغا دەخلى يەتكۈزۈۋاتقىنىم يوق، ھازىر ئاۋۇ بىر نىمىلىرىڭنى ئېلىپ تاشلا! ئۇنداق قىلمايدىكەنسەن، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن!

– كۆرسىتىپ باقە قېنى! بۇ سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ ئىشى، ئەڭ ياخشىسى، سەن بۇنىڭدىن كېيىن دەرسكە جىددىي كىرىشىدىغانلىقىڭ توغرىسىدا چىن ۋەدەڭنى بەرگىن، شۇ چاغدا...

– شۇنىڭغىچە مېنىڭ سۈرىتىم ئاشۇنداق ئېسىقلىق تۇرۇۋېرەمدۇ؟ ئۆتكەنكىسى ئازمىدى؟ ياق، ئەمدى تاقەت قىلالمايمەن، بۇنى مەن ئۆزۈم...

تەلئەت شۇنداق دېدى - دە، رەسىملەرنى يىرتىۋېتىش ئۈچۈن تام گېزىتىنىڭ يېنىغا ئېتىلىپ باردى. لۇتپۇللا دەرھال ئۇنىڭ ئالدىنى توربۇالدى. شۇ ئارىدا بىرنەچچە

بالىلار كىرىپ بوۋلارنى ئاجراتتى، بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان رەمزىيە مۇئەللىممۇ يېتىپ كەلدى. تام گېزىتىنىڭ ئالدىغا بىردەمدىلا نۇرغۇن بالىلار يىغىلغانىدى. رەمزىيە مۇئەللىم بالىلارنى ئۆز جايلىرىدا ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى - دە، چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

– سىنىپ تام گېزىتى سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ پىكرى بويىچە ئىشلىنىۋاتىدۇ. ئۇ سىنىپىمىزدىلا ئەمەس، پۈتۈن مەكتىپىمىز بويىچە ئۈلگىلىك رول ئويناۋاتىدۇ. باشقا سىنىپلارمۇ بىزنىڭ سىنىپىمىزدىكى ئۆزگىرىشلەردىن ئىلھام ئېلىۋاتىدۇ، شۇڭا تام گېزىتكە تەنقىدلىنىپ چىقىپ قالغانلار ئۆزلىرى ھەققىدىكى رەسىم ھەم ماقالىلەرنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئالدۇرۇۋېتىشنى ئويلىسا، ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئوقۇيدىغانلىقى، تەرتىپ - ئىنتىزامغا قانداق رىئايە قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىشى، ئۇنى ماقالە قىلىپ يېزىپ كېلىپ سىنىپ باشلىقىغا تاپشۇرۇشى لازىم. ئۇ سىنىپ ھەيئەتلىرىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى گېزىت ئېلىۋېتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا شۇ كىشىنىڭ ۋەدىنامىسى ياكى ماقالىسى يېزىلغان باشقا سان گېزىت چىقىرىلىدۇ...

مۇئەللىمنىڭ گەپلىرىدىن تەلئەت بېشىدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك شۈركىنىپ كەتتى. ئۆزىنىڭ تام گېزىتىدىكى بىرىنچى تەنقىدكە ناھايىتى سەل قارىغىنىغا ئېچىندى. لۇتپۇللا بىلەن ئۆچەكىشىۋېرىپ پايدا ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. شۇڭا، ئۇ بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى



سەتچىلىكتىن پاتراق قۇتۇلۇش ئۈچۈن «ساۋاقداشلارنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىمەن، تەرتىپسىزلىك قىلمايمەن، چوقۇم تىرىشىپ ئوقۇيمەن!» دېگەن مەزمۇندا ماقالە يېزىپ تاپشۇرۇش نىيىتىگە كەلدى.

# يارەدەم

مەرىپەت ئىزدە، ئىرىنمە،
سەرپ ئەتكىن كۈچۈڭنى.
بوياق بىلەن بويىغىچە تىشىڭنى،
بىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى.

(لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «پارچە» دېگەن شېئىرىدىن)

بىر كۈنى ئەتىگەندىلا مەكتەپ مۇدىرى سىنىپ ھەيئەتلىرىدىن ئېلىپ، گۈلگىنە ۋە لۇتپۇللانى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى. بۇ، مەكتەپ بويىچە مەۋسۇملۇق ئىمتىھانلار تۈگەپ، نەتىجىلەر ئېلان قىلىنىپ بولغان ۋاقىت ئىدى.

بالىلار ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەندە مۇدىر ئۈستەلگە ئېڭىشىپ خەت يېزىۋاتاتتى، ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىدە رەمزىيە مۇئەللىمۇ ئولتۇراتتى.

– قېنى دىۋاندا ئولتۇرۇڭلار، مۇدىر سىلەر بىلەن سۆھبەتلەشمەكچى، – دېدى رەمزىيە مۇئەللىم بالىلارغا ئوچۇق چىراي بىلەن.

مەكتەپ مۇدىرى يېزىشنى توختىتىپ بالىلار بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



سالاملاشتى ۋە ئۇلاردىن سىنىپىنىڭ يىقىنقى ئەھۋاللىرىنى بىر قۇر سوراپ چىققاندىن كېيىن سۆز باشلىدى. مۇدىر ئالدىرىماي سۆزلەيتتى، سۆزلىرى ناھايىتى ئېنىق ئىدى:

– مەكتىپىمىزنىڭ بىرىنچى مەۋسۇملۇق نەتىجىلىرى ئېلان قىلىندى، نەتىجىلەردىن قارىغاندا، مەكتەپ بويىچە سىلەرنىڭ سىنىپىڭلارنىڭ ئىلگىرىلىشى كۆرۈنەرلىك بوپتۇ. سىلەر تام گېزىتىڭلار ئارقىلىق ئۆز ئارا ياردەم، دوستانە تەنقىدنى قوزغاپ، ئىنتىزامنى ياخشىلىدىڭلار، ئوقۇش نەتىجەڭلار ئۆستى. ئەلاچىلار كۆپەيدى. سىلەرنىڭ سىنىپتا بۇ قېتىمقى مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەر پەقەت ئۈچلا ئوقۇغۇچى ئىكەن، بۇلارنىڭ ئىككىسى بىر دەرستىن، يەنە بىرى ئىككى دەرستىن ئۆتەلمەپتۇ، سىلەر سىنىپ ھەيئەتلىرى ھەم ئەلاچىلار، شۇڭا سىلەر مۇشۇ ئۈچ ساۋاقداشنى دەرستە يېتىشتۈرۈۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستۈڭلارغا ئېلىشىڭلار لازىم. سىلەر بۇنى ئىشلەپ كېتەلەيسىلەر، مەسىلەن، لۇتپۇللانى ئالساق، ئۇمۇ دەسلەپىدە ناھايىتى قىينالغانىدى. كېيىن ئۇ تىرىشتى، سىنىپىنىڭ ئاممىۋى ئىشلىرىنىمۇ ياخشى ئىشلەپ ئەلاچىلار سېپىگە قېتىلدى. بىز ئۇلارغا ئۆزىمىزنىڭ قانداق ئۆگەنگەنلىكىمىزنى سۆزلەپ بېرىشىمىز، ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇشىمىز ھەم ئۇلارغا ئەمەلىي ياردەم بېرىشىمىز كېرەك. ئەگەر بۇ ئۈچ ئوقۇغۇچىنى يېتىشتۈرۈۋالساڭلار، سىلەرنىڭ سىنىپىڭلار دەرسلەرنى تولۇق ئۆزلەشتۈرگەن سىنىپ بولۇپ قېلىشى ناھايىتى ئېنىق، شۇڭا سىلەر بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشچانلىق

كۆرسىتىڭلار.

سۆھبەت خېلى ئۇزۇنغىچە داۋام قىلدى، شۇ كۈنكى سىنىپ يىغىنىدىمۇ تەلئەتكە ياردەم بېرىش لۇتپۇللاغا يۈكلەندى. بىراق، تەلئەت بۇنىڭدىن ئانچە خۇشال ئەمەس ئىدى. ئۇ بىر تۇرۇپ: « لۇتپۇللا مېنى تام گېزىتىگە چىقىرىپ رەسۋا قىلغان، ئۇ ماڭا ھەرگىز چىن كۆڭلىدىن ياردەم بەرمەيدۇ » دەپ ئويلايتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىگە بوي - تۇرقى تەڭ ياكى چوڭراق باللاردىن بىرەرىنى بەلگىلىمەي، سىنىپ بويىچە ھەممىدىن كىچىك بىر «پىندەك»نى بەلگىلەپ قويۇشقانلىقىغا خاپا بولاتتى، ئۇ بۇ خاپىچىلىقىنى مۇئەللىمگە ئېيتىپ، باشقا بىرىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، بىراق قېرىشقاندەك مۇئەللىممۇ: «سەن تىل دەرسىدىن، بولۇپمۇ يادئىملادىن ئاقساپ كېلىۋاتىسەن، بۇ دەرسلەرگە لۇتپۇللا ھەممىدىن ئۇستا، خېتىمۇ بەك چىرايلىق، ساڭا ئۇنىڭدىن باشقا مۇۋاپىق ياردەمچىنى تاپقىلى بولمايدۇ» دەپ چۈشەندۈرۈپ قايىل قىلدى.

بىرىنى دەرستە ئۆزى بىلەن تەڭ يېتىشتۈرۈپ مېڭىش، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمۇ ئارقىدا قېلىپ قالماسلىق ۋەزىپىسى لۇتپۇللا ئۈچۈن خېلى ئېغىر تۇيۇلدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىدىكى سۆھبەتتىن كېيىن سىنىپ تەشكىلى تاپشۇرغان بۇ ۋەزىپىنى جان - دىل بىلەن ئورۇنداش نىيىتىگە كەلگەن ئىدى. دەرستىن چۈشۈش بىلەنلا ئۇ تەلئەتنى چەتكە تارتىپ سورىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



– ئېيتقىنا، مەن سېنىڭكىگە بارايمۇ، يا سەن بىزنىڭكىگە كېلەمسەن؟

– سەن بىزنىڭكىگە كەل، – دېدى تەلئەت ئانچە مەنسىتمىگەن هالدا، – بىزنىڭ ئۆيىمىز نېرىقى كوچىدا.

– بولىدۇ، – دېدى لۇتپۇللا تالىشىپ تۇرمايلا، – مەن ئۆيگە بېرىپ تاماقنى يەپ كېلەي، سەنمۇ تاماقنى يەپ تەييارلىنىپ تۇر. بۈگۈندىن باشلاپ بىللە دەرس ئوقۇيمىز.

شۇ كۈنى لۇتپۇللا تەلئەتنىڭ ئۆيىنى قىينالماستىنلا تاپتى، لۇتپۇللا كىرگەندە تەلئەت قورۇدا گەرەتكىگە بالىچۇق ياساۋاتاتتى. ئۇ لۇتپۇللانىڭ بىردەمدىلا يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، تېخى ياسىلىپ بولمىغان بالىچۇقلارغا ئېچىنىش بىلەن قاراپ قويدى - دە، ئىشىنى قويۇپ لۇتپۇللانى ئۆيگە باشلىدى.

بۇ تاۋۇس ئەۋزى دېگەن زەرگەرنىڭ ئۆيى بولۇپ، تەلئەت ئۇنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلى ئىدى. تەلئەت لۇتپۇللانى ئايرىم بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۆينىڭ دېرىزىسىگە قىلىن دۇخاۋىدىن ئېغىر پەردىلەر تارتىلغان، ئۈستەلگە ئۇزۇن چۇچىلىق داستىخان سېلىنغانىدى. يېڭى شەكىلدە ئىشلەنگەن سىم كارىۋاتقا يىغىپ قويۇلغان قەۋەت - قەۋەت ئورۇن -كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىگە تور تۇتۇلغان ئاق يوپۇق يېپىپ قويۇلغانىدى. تامدا ئەينەك رامكىغا ئېلىنغان مەنزىرە رەسىملىرى ئېسىقلىق تۇراتتى، بۇلۇڭدا بىر تىكلىمە تاشئەينەكمۇ بار ئىدى. سىرلىرى قىپقىزىل يالىلداپ تۇرغان پول پارقىراپ تۇراتتى.

مانا بۇ تەلئەتنىڭ دەرس تەكرارلايدىغان ھەم ئارام ئالىدىغان ھۇجرىسى ئىدى، ئىلگىرى بىر ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى مۇشۇ ئۆيدە تەلئەتكە دەرسمۇ بەرگەنىدى.

لۇتپۇللانىڭ تەشەببۇسى بىلەن تەلئەت دەپتەر - كىتابلىرىنى ئۇستەلگە يايدى. لۇتپۇللا ئاۋۋال ئۇنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى بىرمۇبىر كۆرۈپ چىقتى. مەلۇم بولدىكى، ئۇ تىل دەرسىدىن بېرىلگەن تاپشۇرۇقلارنىڭ كۆپىنى ئىشلىمىگەنىكەن.

— سېنىڭ تىل دەرسىدىن قىيىنلىشىۋاتقان يېرىڭ زادى نەدە؟ قايسى يەرلەردىن باشلاپ تەكرارلىساق بولىدۇ؟ — سورىدى لۇتپۇللا.

تەلئەت ئالدىغا يېيىپ قويۇلغان دەرسلىككە قاراپ گەجگىسىنى تاتىلىغان ھالدا:

— مەن تىل دەرسىدىن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن، — دېدى.

— راستتىنلا ھېچنېمىنى بىلمەمسىنا؟!

— ھە...

— بوپتۇ. ئەمىسە ئىشنى بېشىدىن باشلايمىز، ئاۋۋال ئىككىنچى سىنىپنىڭ كىتابىنى تەكرار قىلايلى، شۇنداق قىلساق ياخشى بولىدۇ. ئاندىن ئۈچىنچى سىنىپنىڭكىگە ئۆتىمىز...

لۇتپۇللا گۇگۇم چۈشكەندە ئۆيگە قايتىپ كەتتى، تەلئەت لۇتپۇللا بىلەن تولۇق يېرىم كۈن قىمىر قىلماي دەرس تەكرارلىغاچقا، بەك چارچاپ كەتكەنىدى، كەچتە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۆيدىكىلەر ئۇستەلنى چۆرىدەپ تاماققا ئولتۇردى، ھەدىسى ئۇنىڭدىن بۈگۈنكى تەكرارنىڭ قانداق بولغانلىقىنى سوراپ قالدى.

— ۋاي قويساڭچۇ، ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق دەرس تەكرارلايدىغان بولسام، ئۇزاققا قالماي ساراڭ بولۇپ قالغۇدەكمەن، بىر نەرسىنى قايتا - قايتا يازدۇرۇپ ئادەمنى تازىمۇ تەتۈر قىينايدىكەن، بىردەم توغرا ياز دەۋاتقان، بىردەم چىرايلىق يازمىدىڭ دەۋاتقان، نېمىلا بولسا ئاستا - ئاستا بولمامدۇ؟

رەمزىيە مۇئەللىم لۇتپۇللا كېلىشتىن ئىلگىرى تەلئەتنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭمۇ يېقىندىن ماسلىشىشىنى تاپىلىغانىدى.

تاۋۇس ئەۋزى ئوغلىنىڭ ئوقۇشىغا كۆڭۈل بۆلەتتى، شۇڭا ئائىلىدە ئۇنىڭغا بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەرگەنىدى. تەلئەتنىڭ بايىقى گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دادىسى ئۇنىڭغا:

— مۇئەللىمىڭ سېنىڭ خۇيۇڭنى بىلگەچكە، ساڭا راسا ياخشى يارەمچىنى ئەۋەتىپتۇ، ئەمدى سەن كەپسىزلىكىڭنى تاشلا، دەرسىڭگە ئوبدان كۆڭۈل قوي. ئۆيگە كېلىپ دەرس ئۆگىتىدىغان ھېلىقى مۇئەللىمنىمۇ تولا قاقشىتىپ زېرىكتۈرۈۋەتكەن ئىدىڭ، ئەمدى بۇ بالىنىمۇ زېرىكتۈرۈپ قويما، — دەپ جىملىدى ھەمدە ئۇنىڭ تونجى قېتىم يېرىم كۈن مىدىر - سىدىر قىلماي دەرس تەكرارلىغانلىقىنى ئاڭلاپ خېلى خۇشال بولۇپ قالدى.

# ئەڭ مۇھىم تەرتىپ

**ياشلىق، تىرىش - تىرماش، ھارماي ئۆگەن،**
**ئىلىمنىڭ دېڭىزى قايناق ھەم چوڭقۇر.**
**نادانلىق ئۇ، ھەممىنى بىلدىم دېگەن،**
**كۆرۈپ... ۋاراقلاپلا بىر قۇر.**

(لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «ياشلىق ئۆگەن» دېگەن شېئىرىدىن)

ئەتىسى لۇتپۇللا يەنە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا كەلدى، ئەمما تەلئەت ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. لۇتپۇللا ئۇنى خېلى ئىزدەپ، باللار بىلەن گەرەتكە ئويناۋاتقان يېرىدىن تاپتى. ئۇ لۇتپۇللانى كۆرۈپلا:

— مانا ھازىر، ئاز قالدى. تاياقنى بىرلا ئاتىمەن - دە، ئاندىن ئۆيگە كېتىمەن. كۈن ئولتۇرۇشقا تېخى خېلى بارغۇ، — دەپ ۋارقىرىدى. ئەمما، ئۇ ھەر قېتىم تاياقنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئاتقۇسى كېلىپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن: «بۇدا بىرنى ئېتىۋېتىپ كېتىمەن» دەپ يەنە ئوينايتتى. شۇ يوسۇندا خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى.

راستىنى ئېيتقاندا، لۇتپۇللامۇ گەرەتكە ئويناشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىك ئادرېسى



ئامراق ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭمۇ تازا ئوينىغۇسى كەلدى. بىراق، ئۇ ئۆز خاھىشىنى يېڭىپ، بارغانسېرى قىزىپ كېتىۋاتقان تەلئەتنىڭ يېنىغا باردى - دە، گەرەتكىلەرنى يىغىشتۇرۇپ، تەلئەتنى مەجبۇري ئۆيگە ئېلىپ ماڭدى.

— ئەڭ مۇھىمى تەرتىپ! — دېدى لۇتپۇللا ئۇنىڭغا يولدا كېلىۋېتىپ، — ماڭا كىچىك دادام دائىم شۇنداق دەيتتى، بىزدە ئېنىق مەشغۇلات تەرتىپى بولۇشى كېرەك. مەكتەپكە مېڭىشتىن ئاۋۋال دەرسلەرنى بىر قۇر ئوقۇپ چىققان ياخشى. مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئۆيگە بېرىلگەن تاپشۇرۇقلارنى ئىشلىۋېلىش لازىم. ئۆي ئىشلىرىنىمۇ ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىق كېرەك، ئاندىن ئويناش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىرادە بولۇش كېرەك، ئىرادە!

— نېمە؟ مەندە ئىرادە يوقمىكەن؟ بۈگۈن مەن مۇنداقلا ئايلىنىپ كېلەي دېگەنتىم، ئويۇنغا كىرىشىپ كەتكىنىمنى ئۇقمايلا قاپتىمەن، — دېدى تەلئەت سەل خىجىل بولۇپ.

— مەنمۇ شۇنى دەۋاتىمەن - دە، بۇنداق ئىرادىنى ئاجىز ئىرادە دەيمىز، ئاجىز بولغاندىمۇ تازا ئاجىز ئىرادە. شۇڭا، بىرەر ئىشنى قىلىشقا ئىرادە قىلساڭمۇ، ئۆزۈڭنى شۇ ئىشنى قىلىشقا مەجبۇرلىيالمايسەن، يامان ئىشلارنى قىلماسلىقنى بىلسەڭمۇ، ئۆزۈڭنى شۇنىڭدىن تارتىۋالالمايسەن. بىرەر ئويۇنغا كىرىشىپ قالدىڭمۇ، بولدى، ھەممىنى ئۇنتۇپ ئويناۋېرىسەن. مانا بۇنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزۈڭنى تەرتىپكە بويسۇندۇرۇشۇڭ كېرەك!

لۇتپۇللانىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تەلئەتنىڭ يۈزلىرى چىمىلداپ كەتتى. ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ خىيالغا چۆكۈپ قالغانىدى. گەپ بىلەن بولۇپ كەتكەن لۇتپۇللا ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشنى سەزمىدى.

تەلئەت ئۆزىنى ئىرادىلىك، غەيرەتلىك بالا دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ بۇنداق ئويلىشىغا مەھەللىدىكى باللارنىڭ ئۇنى «نوچى» دەپ ئاتايدىغانلىقى سەۋەب بولغان، سىنىپتىكى باللارمۇ ئۇنىڭدىن تەپ تارتاتتى. ئەمدى بىلدىكى، بۇلار ئىرادىگە كىرمەيدىكەن. ئىرادىلىك، غەيرەتلىك بولۇش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن تەرتىپكە رىئايە قىلىش، سۆزىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇش كېرەك ئىكەن. مانا قىزىق! تەرتىپكە رىئايە قىلىش شۇنچە تەس ئىشمۇ؟ ئۇ راستىتىنلا ئىرادىگە باغلىقمۇ؟ ئۇ ئويلىنا - ئويلىنا ئىككىنچى قېتىم تام گېزىتىدە تەنقىدلەنگىنىدە، ئۆزىنىڭ: «دەرسلەرنى ياخشى ئوقۇيمەن» دەپ ۋەدىنامە يازغانلىقىنى، لېكىن هازىرغىچە ئۇنىڭغا قىلچە رىئايە قىلمىغانلىقىنى يادىغا ئالدى. ئۇنىڭ يۈزى چىمىلداپ قىزىرىپ كەتتى. «توغرا، ــ دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، ــ مەن ئىرادىسىز ئىكەنمەن. نەدىكى قاملاشمىغان ئىشلارنى قىلىپ ئۆزۈمنى ‹نوچى› چاغلاپ يۈرۈپتىمەن. مانا لۇتپۇللانى ئالساق، هازىر ھەممە ئۇنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي ماختايدۇ... مەنمۇ ئىرادەمنى چىڭىتىشىم كېرەك ئىكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈم خالىغان ئىشلارنىلا ئەمەس، ئۆزۈم خالىمايدىغان، ھەتتا ئۆچ كۆرىدىغان ئىشلارنىمۇ قىلىشىم كېرەك ئىكەن. مەسىلەن: مەن تىل

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەرسىگە قىزىقمايمەن، لېكىن مەن ئۇنى قېتىرقىنىپ ئوقۇشۇم كېرەك. يادئىملانى توغرا، چىرايلىق قىلىپ يېزىش مېنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئازابلىنارلىق ئىش. دېمەك مەن ئۇنى چوقۇم چىرايلىق، قائىدىلىك يېزىشىم كېرەك. ئەتىگەندە زادى قوپقۇم كەلمەيدۇ، ئەمما ئەمدى ئەتىگەندە بالدۇر تۇرۇشۇم كېرەك...» ئۇ شۇ يوسۇندا خېلى ئۇزاق ئويلىدى ۋە بىردىنلا قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ قالغاندەك قەدىمىنى تېزلەتتى. لۇتپۇللا ئۇنىڭ مۇنداق تېز مېڭىشىغا يېتىشەلمەي، پات - پات يۈگۈرۈپ قوياتتى...

دېگەندەك، تەلئەتنىڭ ئۆگىنىشىدە ئوبدانلا ئىلگىرىلەش بولۇۋاتاتتى. ئۇ دەرس ۋاقتىدا سورىلىدىغان سوئاللارغا دادىل جاۋاب بېرىدىغان، يادئىملا، تاختا ئىملا، ئىنشا دەرسلىرىدىمۇ خېلىلا يۇقىرى نومۇر ئالىدىغان بولدى. بىر كۈنى ھەتتا يادئىملادىن «5» نومۇر ئالدى. لۇتپۇللامۇ بۇنىڭغا ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولدى ھەمدە ئۇنىڭغا تىل دەرسىدە قائىدىنى ياخشى بىلىش، كىتابلارنى كۆپرەك ئوقۇش، يازغاندا قائىدىلەرگە سېلىپ ئالدىرىماي يېزىشنى ئەسكەرتىپ تۇراتتى.

– ئەمدى قالغان دەرسلەردىكى «4» نومۇرلىرىڭنىمۇ «5» نومۇرغا كۆتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلساڭ، ئۇ چاغدا سەنمۇ...

– بولدى، چۈشەندىم. قالغان ئىشلارنى ئەمدى ئۆزۈمگە قويۇپ بەر. ئەگەر ھېچ كۈچۈم يەتمىگىدەك بولۇپ قالسا، سېنىڭدىن سورايمەن.

تەلئەت ئەمدى ئۆزى مۇستەقىل دەرس تەكرارلايدىغان،

خېلى قىيىن تاپشۇرۇقلارنىمۇ لۇتپۇللانىڭ ياردىمىسىز ئىشلەپ كېتەلەيدىغان بولغانىدى. شۇنداقتىمۇ لۇتپۇللا ئۇنى ئىزدەپ تۇراتتى.

ھەش - پەش دېگۈچە بۇ يىلقى ئوقۇش يىلىمۇ ئاخىرلىشىپ قالدى. يىللىق ئىمتىھانلارمۇ تۈگەپ، ئومۇميۈزلۈك خۇلاسە چىقىرىلىۋاتاتتى. ئوقۇش مەۋسۇمىنىڭ ئاخىرقى كۈنى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلاش بولدى.

مۇكاپاتلاش ئاۋۋال دەرسنى تولۇق ئۆزلەشتۈرگەن سىنىپلاردىن باشلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە رەمزىيە مۇئەللىمنىڭ سىنىپىمۇ بار ئىدى. سىنىپقا تەقدىم قىلىنغان چوڭ لەۋھە ھەم سوۋغات بۇيۇملىرىنى سىنىپ باشلىقى ئېلىپ بىلەن گۈلگىنە چىقىپ تاپشۇرۇۋالدى. مۇكاپات تاپشۇرۇلغاندا زالدا قىزغىن چاۋاكلار ياڭرىدى.

كۈن تەرتىپى بويىچە ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلاش باشلاندى. يىغىن رەئىسى مۇكاپاتلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئوقۇدى. ئۈچىنچى قېتىمدا لۇتپۇللانىڭ ئىسمى چاقىرىلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا تەلئەتنىڭ ئىسمى چىقتى. ئۇمۇ لۇتپۇللانىڭ يېنىغا بېرىپ تىزىلدى.

بۈگۈن لۇتپۇللا ئۈچۈنمۇ، تەلئەت ئۈچۈنمۇ ئاجايىپ خۇشاللىق كۈن بولدى. لۇتپۇللا بىرىنچى دەرىجىلىك، تەلئەت ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات بىلەن تەقدىرلەندى. پۈتۈن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، ئاتا - ئانىلار ئۇلارغا ئالقىش ياڭراتتى... ئۇلارنىڭ قاتارىدا تەلئەتنىڭ ئاتا - ئانىسى، لۇتپۇللانىڭ كىچىك دادىسىمۇ بار ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# كىتاب بىزنىڭ دوستىمىز، ئۇنى ئاسراش بۇرچىمىز

دوستۇم دىيانەت قوينىنى ئاچىدىغان دىلبەر تاپ،
ۋىجداندىن شەربەت ئەمگۈزىدىغان كەۋسەر تاپ.
.......
بولسۇن خىيالىڭ سىنىڭ ھەردەم ئىستىقبال قايغۇسى،
ئادالەت مەيدانىدا پارقىرايدىغان خەنجەر تاپ.

(لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «غەزەل» دېگەن شېئىرىدىن)

لۇتپۇللا يازلىق تەتىلنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىلىقتىن چىقىپ كەتكەنىدى، ئۇ يېڭى ئوقۇش يىلىنىڭ باشلىنىشىغا ئۈلگۈرۈپ قايتىپ كەلدى.

كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى، ھاۋا ئوچۇق، مەكتەپ يەنە قايناम - تاشقىنلىققا چۆمدى، لۇتپۇللانىڭ كىرىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن بىر توپ بالىلار ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشتى. ياز بويى كۆرۈشمىگەن بالىلار بىر - بىرىنى سېغىنىشقانىدى.

— ھازىرلا سىنىڭ گېپىڭنى قىلىشىۋاتاتتۇق، — دېدى تەلئەت لۇتپۇللاغا قاراپ. بالىلارمۇ تۇشمۇتۇشتىن ئەھۋال سوراشتى ۋە يازلىق تەتىلنى قانداق ئۆتكۈزۈشكەنلىكلىرىنى

ھېكايە قىلىشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ بىرلىرى ئاتا - ئانىسى بىلەن يايلاقىا چىققان، بىرلىرى يېزىدا مومىسىنىڭكىدە تۇرغان، يەنە بىرلىرى بولسا شەھەردىن ھېچ يەرگە چىقمىغانىدى. ئەمما، ھەممىسىنىڭ بويلىرى بىرئاز ئۆسۈپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. چىرايلىرىمۇ قارىيىپ قالغانىدى، بولۇپمۇ لۇتپۇللا ھەممىدىن بەك قارىدىغان، بويىمۇ خېلىلا ئۆسۈپ قالغانىدى.

– سەن قەيەرلەردە يۈرۈپ بۇنچىلىك قارىداپ كەتتىڭ؟ – دەپ سوراشتى بالىلار.

– ئاپتاپتا يۈرگەچكە، كۆيۈپ كەتكەن ئوخشايمەن.

– ئەمگەك قىلدىڭمۇ؟

– ھەئە، دادامنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ياردەملەشتىم. بىزنىڭ ئۆز ئېتىزىمىز بار، ئۇنىڭغا ئائىلە بويىچە ئىشلەيمىز، ئورما ئورىمىز، باغ تارتىمىز، خامان تېپىمىز، مەن كۆپرەك تۇلۇق ھەيدىدىم.

– ھە، شۇڭلاشقا قارىداپ كېتىپسەن - دە؟!

– بوش ۋاقىتلىرىمدا بالىلار بىلەن ئوينىدىم، سۇغا چۆمۈلدۈم، دەرسلىرىمنىمۇ تەكرارلىۋالدىم، كىتابىمۇ ئوقۇپ تۇردۇم.

– قانداق كىتابلارنى ئوقۇدۇڭ؟ قىزىقمىكەن؟

– مەن ئابدۇللا توقاينىڭ[1] شېئىرلار توپلىمىنى ئوقۇپ چىقتىم. بىرنەچچە دىراما، چۆچەكلەرنىمۇ ئوقۇدۇم.

[1] ئابدۇللا توقاي: تاتاي شائىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرىسى

بۇلار بىر - بىرىدىن قىزىقكەن! ــ دېدى لۇتپۇللا ۋە ئېسىدە قالغان بەزى يەرلىرىنى سۆزلەپمۇ بەردى.

ــ ھەتتىنگىنەي! ــ دېدى بالىلاردىن بىرى، ــ مېنىڭ تازىمۇ چۆچەك ئاڭلىغۇم بار ئىدى.

ــ كىمنىڭ ئاڭلىغۇسى يوق دەيسەن. مېنىڭمۇ ئاڭلىغۇم بار، ئىلگىرى ماڭىمۇ مومام ئاجايىپ قىزىق چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى، ــ دېدى يەنە بىر بالا.

ــ ھەممىمىزنىڭ ئاڭلىغۇسى بار، ھەممىمىزنىڭ! ھازىر بولمىسا كېيىن سۆزلەپ بەرسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن ھەممىمىز بىللىغۇ، ــ دېدى دەسلەپ سۆز قىلغان بىر بالا.

ــ توغرا، شۇنداق قىلسۇن، ھەر كۈنى دەرستىن كېيىن سىنىپتا قېلىپ چۆچەك ئاڭلايلى، ــ دەپ چۇرقىراشتى بالىلار.

ــ توختاڭلار، توختاڭلارچۇ! ــ دېدى لۇتپۇللا بالىلارنى جىم بولۇشقا چاقىرىپ، ــ مەنمۇ بۇرۇن دادامغا «چۆچەك ئېيتىپ بەر» دەپ تورۇۋالاتتىم. كېيىن دادام ماڭا چۆچەكلەرنى ئۆزۈم بىلىۋالىدىغان بىر يولنى كۆرسىتىپ قويدى.

ــ ئۆزۈڭ بىلىۋالىدىغان بىر يول؟ قانداق يول ئىكەن ئۇ؟ بىزگىمۇ دەپ بېرە، ــ دەپ ئالدىراتتى بالىلار.

ــ دەپ بېرەي، ــ دېدى لۇتپۇللا، ــ بۇ ئۆزىمىز كىتاب تېپىپ ئوقۇپ، ئۆزىمىز سۆزلەيدىغان يول. سىنىپىمىزدا بىر قىرائەتخانا قۇرساق دەيمەن، قانداق

قارايسىلەر؟ ئۇ چاغدا ھەممىڭلار تازا قىزىق كىتابلارنى ئوقۇپ تۇرىدىغان بولىسىلەر.

— كىتابلارنى نەدىن تاپىمىز؟ نەگە قويىمىز؟

— كىتابلارنى ئۆزىمىز ئېلىپ كېلىمىز، مەندە بىرنەچچە كىتاب بار، ئۇلارنى ئەكېلىمەن، قالغانلىرىڭلارمۇ ئۆيدە بار كىتابىڭلارنى ئەپكېلىڭلار. بىرىمىز ھېچبولمىغاندا بىردىن كىتاب ئېلىپ كەلسەكمۇ خېلى كۆپ كىتاب توپلىنىپ قالىدۇ.

— ھە راست! بىزنىڭ ئۆيدىمۇ بىرنەچچە كىتاب تۇرغاندەك قىلىۋاتاتتى.

— بىزدىمۇ بار...

بالىلار ئارقا - ئارقىدىن چۇرقىراشقىلى تۇردى.

— ئەگەر مۇشۇنداق قىلىشقا قوشۇلساڭلار، بۇنى مۇئەللىمگە ئېيتايلى، بىزگە بىرەر ئىشكاپ تېپىپ بەرسە ئەجەپ ئەمەس.

دەرستىن كېيىن لۇتپۇللا بالىلارنى باشلاپ مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.

— بۇ ئويۇڭلار ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، — دېدى رەمزىيە مۇئەللىم كۈلۈپ، — مەندىمۇ سىلەر راسا قىزىقىدىغان كىتابلاردىن خېلى بار، ھەممىسىنى سىلەرگە بېرەي. ھازىر مانا ماۋۇ بوش ئىشكاپنى ئىشلىتىپ تۇرۇڭلار.

رەمزىيە مۇئەللىم ئىشخانىسىدا بوش تۇرغان بىر ئىشكاپنى كۆرسەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



لۇتپۇللا باللار بىلەن خۇشال هالدا ئىشكاپنى ئېلىپ چىقىپ، دوسكىنىڭ يېنىدىكى بۇلۇڭغا ئورۇنلاشتۇردى.

ئەتىسى باللار رەمزىيە مۇئەللىم ئېلىپ كەلگەن كىتابلارنى ئىشكاپقا تىزدى، لېكىن ئىشكاپنىڭ يەنە بىرنەچچە قەۋىتى بوش قالدى.

— ئەمدى بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىدىكى كىتابلارنى ئېلىپ كېلەيلى. مەنمۇ ئەتە ئۆيۈمدىكى كىتابلىرىمنى ئېلىپ كېلىمەن، — دېدى لۇتپۇللا باللارغا، — كىتابلىرىمىز تەل بولغاندىن كېيىن كىتاب ئارىيەت بېرىشنى باشلايمىز، مانا شۇ چاغدا كىم قانداق كىتابنى خالىسا، شۇنى بەھۇزۇر ئوقۇۋېرىدىغان بولىدۇ.

ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتمەيلا بەزى باللار بىر - ئىككىدىن، بەزىلىرى ئۈچ - تۆتتىن كىتاب ئەكەلدى، لۇتپۇللا يەتتە پارچە كىتاب ئەكەلگەنىدى. بۇ كىتابلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇللا توقاي، هادى تاقتاش قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى ۋە بىرنەچچە خىل ژۇرناللارمۇ بار ئىدى. باللار بۇ كىتابلارنى ئىشكاپقا رەت - رېتى بىلەن تىزىپ چىقتى. ئىشكاپ كىتاب بىلەن تولۇپ قالغانىدى. باللار ئەمدى كىتابلاردىن بىردىن ئالماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا رەمزىيە مۇئەللىم پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قولىدا قېلىن بىر دەپتەر بار ئىدى. ئۇ دەپتەرنى لۇتپۇللاغا بېرىپ، ئاۋۋال كىتابلارنىڭ تىزىمىنى ئېلىپ چىقىشنى، ئاندىن تىزىملاپ قويۇپ كىتاب بېرىشنى ئېيتتى. لۇتپۇللا ساۋاقداشلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن كىتابلارنىڭ تىزىمىنى يېزىپ چىقتى. ئەمدى بىرەر كىتاب كېرەك بولسا ئىشكاپنى ئاختۇرمايلا

دەپتەردىكى تىزىملىكتىن تاپقىلى بولاتتى.

سىنىپ قىرائەتخانىسىنىڭ پەيدا بولۇشى باللارنى تولىمۇ خۇشال قىلدى.

ــ ئەمدى ياخشى بولدى ـ دە، ــ دېيىشتى باللار كىتابقا لىق تولۇپ تۇرغان ئىشكاپقا قاراپ.

بەزى كىتابلار خېلىلا كونا بولۇپ، ۋاراقلىرى يىرتىلغان، بەزىلىرىنىڭ مۇقاۋىلىرى ئېلىنىپلا قالغانىدى. لۇتپۇللا بۇ كىتابلارنى ئېرىنمەي شىلىم بىلەن چاپلاپ چىقتى ھەم كىتاب جازىسىنىڭ ئۈستىگە: «كىتاب بىزنىڭ دوستىمىز، ئۇنى ئاسراش بۇرچىمىز!» دېگەن خەتنى چوڭ قىلىپ يېزىپ ئېسىپ قويدى.

لۇتپۇللا يەنە باللارنى ئوقۇغان كىتابلىرى ھەققىدە تەسىراتلىرىنى يېزىشقا تەشەببۇس قىلاتتى، ئۆزىمۇ ماقالە يېزىپ تۇراتتى، ئۇ ماقالىلەرنى تام گېزىتىنىڭ «كىتابلاردىن تەسىراتلار» دېگەن مەخسۇس سەھىپىسىدە چىقىرىپ تۇردى. بارا ـ بارا تەسىرات يېزىشقا يۈقىرى تەلەپ قويۇلدى، باللارمۇ ئىلاج قىلىپ يېڭى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشاتتى، شۇنىڭ بىلەن تام گېزىتىنىڭ مەزمۇنى بېيىپ، ئوقۇغۇچىلارنى تېخىمۇ قىزىقتۇرۇشقا باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# «ئەركىلەنگەن تاماكاڭنى» كومېدىيەسى

نېمە كەم ئىلھام ئۈچۈن، دۇنيا خىلمۇخىل، دۇنيا مۆجىزە،
ھالال مېھنەت كەشپىيات ئۈچۈن خورىماس جان بول!
......
رىشتە باغلاندى شائىرلىقتىن يات ئادەم ئىدىم،
دېدى خەلق تۇيغۇسى: «مېنىڭ ئۈچۈن جانان بول.»

(لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «شائىر توغرىسىدا مۇۋەششەھ» دېگەن شېئىرىدىن)

«مەكتەپ دېگەندە كۈننىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىنى بىلگىلى بولمايدۇ - دە، مانا، قىشنىڭ كەلگىنىگىمۇ خېلى بولۇپ قالدى.» دەرس ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىشتا دېرىزە ئالدىدا تۇرغان لۇتپۇللا تالاغا كۆز تىككىنىچە شۇنداق خىيال سۈرمەكتە ئىدى. ئەتراپ ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان، دەل - دەرەخلەرمۇ خۇددى داكا بىلەن ئوراپ قويغاندەك ئاق ئىدى.

لۇتپۇللا يەنە نېمىلەرنىدۇر ئويلاپ كەتتى، ئۆتكەندە مەكتەپ مۇدىرى يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن مەكتەپتە «ھەۋەسكارلار كېچىلىكى» ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ئۆز ئالدىغا بىردىن ئويۇن

تەييارلىشى لازىملىقىنى ئۇقتۇرغانىدى. بۇمۇ لۇتپۇللا ئۈچۈن باش قاتۇرۇشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىش بولۇپ قالدى، چۈنكى بۇ يىل ئۇ سىنىپ تام گېزىتىنىڭ تەھرىرى، كىچىك كۇتۇپخانىنىڭ مەسئۇلى ئىدى.

«يېڭى يىلغا نېمە ئېلىپ چىقساق بولاركىن؟ ياكى ئۆتكەنكىدەك شېئىر ئوقۇپ بېرەيلىمىكىن؟ ئەھمىيەتلىكرەك بىرەر نەرسە ئېلىپ چىقساق، قالتىس بولاتتى - دە!» دەپ ئويلايتتى ئۇ. شۇ ئەسنادا چوڭ كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئادەم دەل لۇتپۇللانىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ناھايىتى قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى، بۇ ئادەمنىڭ قولىدا كانايچە ئورالغان بىر تال تاماكا بار ئىدى، ئۇ تاماكىنى قاتتىق شورىۋەتكەن بولسا كېرەك، خېلىغىچە يۆتەلدى. يۆتىلى بىرئاز بېسىلغاندىن كېيىن قولىدىكى تاماكىنى غەزەپ بىلەن يەرگە ئاتتى. شۇ چاغدا لۇتپۇللانىڭ كاللىسىغا «يالت» قىلىپ بىر پىكىر پەيدا بولدى. ئۇ مەكتەپتىمۇ بىر قىسىم بالىلارنىڭ يوشۇرۇن تاماكا چېكىدىغانلىقىنى بىلەتتى. تاماكا ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ زىيانلىق نەرسە، شۇڭا بۇ ئىش لۇتپۇللانى تاماكىنىڭ زىيىنىنى پاش قىلىدىغان بىرنەرسە يېزىش خىيالىغا كەلتۈردى، بۇنى ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ پىكرى تېخىمۇ ئېچىلدى. شۇ ھامان يەنە ئۆتكەندە كۆرگەن دراما ۋە كومېدىيەلەر، ئۇلاردىكى ئۆزىنى جەلپ قىلغان ھەم كۈلدۈرگەن قىزىق ۋەقەلىكلەر كۆز ئالدىدىن ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ خىيالىدا بىر كۈلكىلىك كومېدىيەنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى ھاسىل بولدى. لۇتپۇللا دەرھال

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىر دەپتەر ئالدى - دە، بۇ پىكىرلىرىنى خاتىرىلىدى. بۇ، پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلارنى ھەيران قالدۇرغان «ئەكەلگىنە تاماكاڭنى» كومېدىيەسىنىڭ ئۇلى ئىدى.

مەكتەپتە يېڭى يىلغا ئاتالغان ئومۇمىي تەييارلىق ئىشلىرى تۈگىگەندى، پەقەت مەكتەپ كۇلۇبىدىلا ئاخىرقى تەييارلىق ئىشلىرى جىددىي كېتىۋاتاتتى.

بىر ئوغۇل بالا بىلەن ئىككى قىز بالا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ «ھەۋەسكارلار كېچىلىكى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان چوڭ قەغەزلەرنى بوياۋاتاتتى. بىر توپ قىزلار قوللىرىدىكى كۆپتۈرۈلگەن شارلار بىلەن رەڭگارەڭ قەغەز گۈللەرنى ئىككىنچى بىر ئوقۇتقۇچىغا سۇنۇپ بېرىۋاتاتتى. كۇلۇبتا يەنە ھۆسنخەتلەر بىلەن يېزىلغان ھەرخىل شوئارلارنى تاملارغا چاپلاۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ قولى ئىشتا بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەتىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان «ھەۋەسكارلار كېچىلىكى» ھەققىدە توختىماي پاراڭ سېلىشىۋاتاتتى.

ــ 4 - يىللىق «A» سىنىپنىڭ بالىلىرى مۇشۇ كۈنلەردە ئاجايىپ جانلىنىپ كېتىپتۇ، چۈشتىن كېيىن بولدىمۇ، باشقا ھېچكىمنى سىنىپىغا كىرگۈزمەي قانداقتۇر بىر ئىشلارنى قىلىشىۋېتىپتۇ، ــ دېدى بىر بالا ئەجەبلەنگەن ھالدا يېنىدىكى بالىغا.

ــ مەن ھەممە سىنىپلارنى ئارىلاپ چىقتىم. كىمنىڭ نېمىلەرنى تەييارلاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. 3 - يىللىقنىڭ بالىلىرى گارمون، ماندالىن چالىدىغانلارنى يىغىپتۇ.

4 - يىللىق «B» سىنىپنىڭ بالىلىرىمۇ بىرنەچچە نومۇر تەييارلاپتۇ. گىتار چېلىپ ناخشا ئېيتىدىغانلارمۇ بار ئىكەن. بىز خور بىلەن دېكلاماتسىيە تەييارلايدىغان بولدۇق، بىراق 4 - يىللىق «A» سىنىپنىڭ نېمە تەييارلاۋاتقانلىقىنى مەنمۇ بىلەلمىدىم، — دېدى يەنە بىر بالا.

يېڭى يىل يىغىنلاشقانسېرى لۇتپۇللا شۇنچە ھاياجانلىنىۋاتاتتى، ئۇ ئۆز سىنىپىدىكى ساۋاقداشلىرىنى يىغىپ، كومېدىيەنى قايتا - قايتا مەشىق قىلدۇرۇپ، ئۇنى تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزدى.

— ئەمدى بولدى قىلىڭلار، — دېدى رەمزىيە مۇئەللىم بالىلارنىڭ روللارنى ياخشى ئىگىلەپ، سۆزلەرنى پىششىق يادقا ئېلىپ بولغانلىقىغا قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن.

شۇنداقتىمۇ لۇتپۇللا بالىلارغا سەھنىدە دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى قايتا - قايتا جېكىلەيتتى.

مەكتەپنى شاد - خۇراملىققا چۆمدۈرگەن يېڭى يىل كۈنى «ھەۋەسكارلار كېچىلىكى» باشلاندى، 5 - يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى تەييارلىغان نومۇرلىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن ئويۇن كۆرسىتىش نۆۋىتى 4 - يىللىق «A» سىنىپقا كەلدى.

سەھنە پەردىسى ئالدىدا ئېلانچى قىز پەيدا بولدى.

— ھازىرقى نومۇرىمىزدا 4 - يىللىق «A» سىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئوقۇغۇچىلىرى تەييارلىغان «ئەكەلگىنە تاماكاڭنى» دېگەن كومېدىيە كۆرستىلىدۇ، كومېدىيەنى 4 - يىللىق «A» سىنىپ ئوقۇغۇچىسى لۇتپۇللا يازغان.

پەردە ئېچىلدى. كومېدىيەدە چېكىملىكنىڭ كاساپىتىدىن بەختسىزلىككە يولۇققان بىر بەڭگىنىڭ ھەجۋىي سەرگۈزەشتىسى ئارقىلىق تاماكىنىڭ زىيىنى كۆرسىتىپ بېرىلگەن ھەم ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى يوشۇرۇن تاماكا چېكىش ئىللەتلىرىمۇ كىنايە قىلىنغانىدى. كومېدىيەدە ئاساسىي رول ئالغۇچىلاردىن بىرى چېكىملىكنى ئادەت قىلىپ، ئاقىۋەت شۇنىڭ زىيىنىنى تارتقان كىشى، قالغان ئىككىسى ئۇنىڭ ئۆلپەتلىرى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئۆزىنى تاماكىدىن نېرى تارتىپ ياخشى ئادەم بولۇش يولىغا ماڭغان بالىلارمۇ بار ئىدى.

دەسلەپىدە رولغا چىققانلار ھودۇقۇشۇپ، سۆزلىرىدىن ئېزىپ ئويۇن تازا ئوڭۇشلۇق بولماي قالدى، كېيىن ئويۇن بارا - بارا تەبىئىي تۈس ئېلىپ قىزىپ كەتتى، تاماشىبىنلارمۇ ئويۇننى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ كۆردى. بەڭگىنىڭ ھەربىر ھەجۋىي ھالىتى ۋە قىلىقى كىشىلەرنى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇراتتى، بەزىدە ئېغىر سۈكۈتكىمۇ سالاتتى.

كومېدىيەنىڭ ئاخىرى بىر بەڭگىنىڭ ئىككى قولى بىلەن تىزىغا تايىنىپ، دېمىنى يەتكۈزەلمەي يۆتىلىپ كەتكەن ھالىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. سەھنىمۇ ئاستا - ئاستا قاراڭغۇلىشىپ، پەردە چۈشۈرۈلدى...

تاماشىبىنلار ئويۇننىڭ تۈگىگىنىگە ئىشەنمىگەندەك بىر پەس قاراپ قالدى - دە، ئاندىن گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى. ئويۇن ھەممىگە يېقىپ كەتكەنىدى.

زالدا چۇقان كۆتۈرۈلۈپ، چاۋاك تېخىمۇ قاتتىق ياڭراشقا باشلىغاندا، كىچىك ئارتىسلار باشقىدىن سەھنىگە چىقىپ قايتا - قايتا تەزىم قىلدى - دە، قىزغىن چاۋاكلار ئىچىدە كىرىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كومېدىيەنى يازغان ۋە ئۇنىڭدا باش رولنى ئالغان لۇتپۇللامۇ بار ئىدى.

كېيىن لۇتپۇللانىڭ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ھەرخىل كالانپايلىق، ھاڭۋاقتىلىق ۋە ئەقىل ئىشلەتمەسلىكنى تەنقىدلەيدىغان «ھاڭۋاقما»، «پۇتۇمنى تاشقا ئۇرۇۋالدىم»، «مېنىڭ قىلىچىم» ناملىق كومېدىيە ۋە شېئىرلىرىمۇ تاماشىبىنلارنىڭ ئەنە شۇنداق قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# غەزەپ

ئېغىر يىللارنىڭ ئېيتقۇسىز
قاينىغان قايناملىرىدا،
ماتروسلارچە ئۈزۈپ
باشتىلا قايناپ پىشتۇق!
شۇڭلاشقا قاينام سۈيىنى
خۇددى كۆزىدەك
ئالاھىدە باھا بېرىپ
زوق بىلەن يارتىپ ئىچتۇق.

(لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «كۈرەش ئىلھامى» دېگەن شېئىرىدىن)

لۇتپۇللا غۇلجا شەھىرىگە كىرىپ ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەرنى، پۇزۇر كىيىنگەن كىشىلەرنى ۋە ھەرخىل بىلىم يۇرتلىرىنى كۆرۈپ، باشقىچىلا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك بولدى. ئەمما، بۇ شەھەردە ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆرۈنگەن نەرسىلەردىن پەقەت ئاز سانلىق كىشىلەرلا بەھرىمەن بولاتتى، ئۇلار قالتىس ھۇزۇر - ھالاۋەتتە ياشايتتى، كۆپچىلىك خەلق ئۈچۈن بۇ يەر يەنىلا چىدىغۇسىز «دوزاخ» ئىدى. ئاشپۇزۇللاردا ئاشقان - تاشقان تاماقلارغا تەلمۈرۈپ تۇرغان گادايلار،

كوچىلاردا ماڭدامدا بىر ئۇچرايدىغان تىلەمچىلەر ناھايىتى نۇرغۇن ئىدى. رەستىلەر كەتمەن دەستىسىگە تايىنىپ ياللىنىشنى كۈتۈپ تۇرغان توپ - توپ مەدىكارلار بىلەن تولغانىدى.


جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي قاتلاملىرى بىلەن تونۇشقان لۇتپۇللانىڭ قەلبى تېخىمۇ ئۆرتەندى. ئۇ تەڭسىزلىك بىلەن تولغان بۇنداق «پاجىئەلىك دۇنيا»غا چەكسىز غەزەپ - نەپرەت بىلەن قاراشقا باشلىدى.

شەھەر يوللىرى ئەتىياز ۋە كۈز كۈنلىرى پاتقاق دېڭىزىغا ئايلىناتتى. ئات - هارۋىلار پاتقاقتا تىقىلىپ يولنى داۋام قىلالمايتتى. پىيادىلەرنىڭ يۈرۈشى تېخىمۇ قىيىن ئىدى. بۇنداق ۋاقىتلاردا تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا پۇچقاقلىرىنى يانپىشىغىچە تۈرۈۋەتكەن يالاڭ كىيىملىك كەمبەغەللەر پەيدا بولاتتى، ئۇلار ئۇياق - بۇياققا ئۆتمەكچى بولغانلارنى ھاپاش قىلىپ ئۆتكۈزۈپ قوياتتى، ئەمما تاپقان پۇلى كۆپ ئەمەس ئىدى، مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە سادىر بولغان بىر ۋەقە لۇتپۇللانىڭ تەڭسىزلىككە بولغان غەزىپىنى تېخىمۇ ئۆرلەتتى.

ئەتىياز مەزگىلى، غەربتىن سوغۇق شامال چىقىپ تۇراتتى، لۇتپۇللا مەكتەپتىن يېنىپ ئۆيىگە كېلىۋاتاتتى. ئۇ چوڭ كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە، كۆڭلەكچان بولۇۋالغان ئۆزىدىن سەللا ئېگىزرەك بىر بالىنىڭ يوغان قورساق بىر «پور»نى ھاپاش قىلىۋالغانلىقىنى كۆردى. بالا بۇ «پور»نى يولنىڭ قارشىسىغا ئۆتكۈزۈشكە ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com





بالا دۇمبىسىدىكى ئېغىر يۈكنىڭ دەستىدىن ئىككى پۈكلىنىپ قالغان بولۇپ، يالىڭاچ، ئورۇق پۇتلىرىنى پاتقاقتىن ئاران - ئاران چىقىرىپ كېتىۋاتاتتى. يولنىڭ ئۇ چېتىگە يېتەي دەپ قالغاندا بالا دەلدەڭشىپ كەتتى - دە، بىر ياققا سەل قىڭغىيىپ ئۆزىنى ئارانلا ئوڭشىۋالدى. ئەمما، بۇ چاغدا ئۇنىڭ دۇمبىسىدىكى «پور»نىڭ پەلتوسىنىڭ بىر پېشى پاتقاققا تېگىپ كەتتى.

بالا مىڭبىر جاپادا «پور»نى يولنىڭ چېتىدىكى قۇرۇق يەرگە ئاچىقتى - دە، قولىنى سوزۇپ ھەققىنى سورىدى. شۇ ئەسنادا «پور»نىڭ كۆزى پاتقاق تېگىپ كەتكەن پەلتۇسىنىڭ پېشىگە چۈشتى - دە، غەزەپلىنىپ تىللاپ كەتتى :

– ھۇي كالانپاي رودۇ! مۇۋۇت پەلتۇيۇمنى بۇلغاپسەنغۇ، يەنە ھەق سورامسىنا؟! مانا ساڭا ھەق، – پور چالۋاقىغان پېتى ھېلىقى بالىنىڭ قۇلاق تۈۋىگە كۈچ بىلەن بىر شاپىلاق سالدى. ئەتىگەندىن بېرى ئاغزىغا ھېچنېمە سالماي، سوغۇقتا جاقىلداپ تىترەپ تۇرغان ئاۋاق بالا زەردە بىلەن تەگكەن شاپىلاقتىن ئۆزىنى باشقۇرالماي پۇلاڭشىغىنىچە پاتقاققا يېنىچە يىقىلدى...

بۇ ئىشتىن چىدىغۇسىز خورلۇق ھېس قىلغان لۇتپۇللا يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە پاتقاققا سەكرەپ چۈشۈپ ھېلىقى بالىنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. پور ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ تىكىۋەتتى...

يازكۈنلىرىنىڭ بىرىدە لۇتپۇللا «ئىلى كۆن خۇرۇم زاۋۇتى»نى كۆرگىلى باردى، زاۋۇت قورۇسى يوغان - يوغان

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى



ياغاچ تۈكلار بىلەن تولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىگە قانداقتۇر بىر خىل سۈيۈقلۇقلار قاچىلانغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەرخىل تېرىلەر چىلاقلىق تۇراتتى.

تۈكلارنىڭ ئەتراپىدا يەكلىرى تۇرۇلگەن، ئالدىغا رېزىنكىدىن پەشتاما تارتىۋالغان ئىشچىلار بىر نېمىلەرنى قىلىشىپ يۈرەتتى. نېرىسىدىراق ئۆگزىلىرى ھەرە چىشىغا ئوخشاش زاۋۇت سېخلىرى بار ئىدى. مۇنارغا ئوخشاش تۇرخۇنلاردىن ئىس پۇرقىراپ چىقىپ تۇراتتى.

لۇتپۇللا زاۋۇتقا كىرىپ ئىشلەۋاتقانلارنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى. بۇ يەردە بىرنەچچە قېرى ئىشچىلار بىلەن بىرگە تۈكدىكى تېرىلەرنى ئۆرۈپ قۇرۇتۇۋاتقان بىر بالا لۇتپۇللاغا تونۇشتەك بىلىندى.

— ھوي، سەن ئەكرەمغۇ ؟ قانداق ئەھۋالىڭ؟ — دېدى لۇتپۇللا ئۇنى ئېسىگە ئېلىپ. بۇ ئىككى يىل ئىلگىرى ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرالماي مەكتەپتىن چىقىپ كەتكەن ئەكرەم دېگەن بالا ئىدى.

— ھە، مەن ئەكرەم، ئۇنتۇپ قالماپسەن، — دېدى ئەكرەم لۇتپۇللاغا دەرھال قولىنى بېرىپ، — بۇ يەرگە قانداقلارچە كېلىپ قالدىڭ؟

— ئۆزۈمچە بىر كۆرۈپ باقاي دەپ كەلگەنىدىم، سېنىڭ ئۇچراپ قالىدىغانلىقىڭنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىمەن، شۇنداق قىلىپ زاۋۇتتا ئىشلەۋېتىپسەن - دە، بۇنى نېمە قىلىسىلەر؟

— تېرىنىمۇ؟ بۇنى مۇشۇنداق قىلىپ ئاشلايمىز،

ئاندىن ئۇنى ئاۋۇ سېخلاردا قايتا پىششىقلاپ ئىشلەيدۇ، بويايدۇ. ئاخىرىدا ئۆتۈك - بەتىنكىلەرنى تىكىدىغان خۇرۇم بولۇپ چىقىدۇ.

— دادام خاڭدا ئىشلەيدۇ دەۋاتاتتىڭ، تىنچلىقمۇ؟

— دادام ... — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى.

— نېمە بولدى؟ — ئالدىراپ سورىدى لۇتپۇللا.

— قازا قىلىپ كەتتى، — ئەكرەمنىڭ چىرايى تۇرۇلدى - دە، سۆزىنى داۋام قىلدى، — دادامنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئىككى ئايچە بولدى. بىر كۈنى چۈشتە ئۆيگە بارسام، ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدا بىر هارۋا تۇرۇپتۇ. قورۇدا بىر توپ ئادەملەر ئۇيۇر - تۇيۇر بولۇپ يۈرۈشىدۇ، ئاپامنىڭ كۆزى ياش. ئۇ مېنى كۆرۈپلا ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەي هاڭ - تاڭ بولۇپ قالدىم، ئاپام ئۆپكىدەپ تۇرۇپ: «بالام، كان... كان گۆمۈرۈلۈپ كېتىپتۇ ...» دېمەسىمۇ، يۈرىكىم قارتلا قىلىپ قالدى. مەن ئەس - هوشۇمنى يوقاتقان پېتى كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۆتتۈرىغا كىردىم. پۈتۈنلەي قان بىلەن كۆمۈرنىڭ كۈيىسىگە مىلەنگەن بىر پارچە بورىدا دادام ياتاتتى. ئۇنىڭ ئىككى پۇتى كۆمۈرنىڭ ئاستىدا قېلىپ چۇل - چۇل بولۇپ كەتكەن، ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى، خۇدىنى بىلمەيتتى. بىز دادامنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى سۈرتۈپ تاڭغاندىن كېيىن ئۆيگە ئېلىپ كەلدۇق.

تۈن يېرىمدىن ئاشقاندىلا دادام ئاندىن هوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى. بىز ئەمدى دادام هەرهالدا هايات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر ئادرېسى



قالىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ خۇشال بولغانىدۇق، بىراق ئۇ كۆزىنى ئېچىپلا لەۋلىرىنى قىمىرلىتىپ: «ئەكرەم... ئەكرەم...» دەپ مېنى چاقىردى. مېنىڭ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرغىنىمنى كۆرگەندىن كېيىن: «جېنىم بالام... بەخ... تىمىز قارا ئىكەن، سىلەر... تې... خىمۇ قارا كۈنلەرگە قالىدىغان... بولدۇڭلار... ئاھ... خۇدا!» دېدى - دە، كۆزىنى يۇمدى...

دادامنى كان بېسىۋالغان كۈنى يەنە يەتتە ئادەم كاننىڭ ئاستىدا قېلىپ ئۆلۈپتۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئىككىسىنىڭ پۇت - قوللىرى سۇنۇپ كېتىپتۇ ... بىزنىڭ ئۆلۈم ئۇزاتقۇدەك پۇلىمىز بولمىغاچقا، مەھەللىدىكى قولۇم - قوشنىلار يىغىش قىلىپ بەرگەن پۇل بىلەن دادامنى يەرلىكىگە قويدۇق.

مەن مەكتەپتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ يەر - بۇ يەردە شىمشىكا، ئىسسىق پۇرچاق، بەرەڭگە سېتىپ يۈردۈم، مېنىڭ تاپقان پۇلۇم دادامنىڭ تاپقىنىغا قوشۇلۇپ بەش جاننى ئارانلا قامدايتتى. دادامنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۆيىمىزنى تېخىمۇ قەھەتچىلىك قاپلاپ كەتتى. كېيىن تونۇشلار مېنى بۇ زاۋۇتقا كىرگۈزۈپ قويدى، بۇ يەرگە كەلگىنىمگىمۇ ئۇزاق بولمىدى...

بۇلارنىڭ ئاڭلىغان لۇتپۇللا كۆڭلى غەش هالدا قايتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگە ئادرېسى



# يول تېپىش

تۇغدى ئاناڭ سېنى چوڭ قىلدى.
شۇنىڭ ئۈچۈن
تەربىيەلىدى، ئوڭ قىلدى.
لېكىن سەن يەنە تىرىش، ئوبدان ئادەم بول،
ئۇنىڭ ئۈچۈن
ئىككىنچى مەرىپەت ئانىسىدىن تۇغۇل.

(لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «ئىككى لىرىكا» دېگەن شېئىرىدىن)

لۇتپۇللا مەكتەپتە ئۆتۈلگەن دەرسلەر بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالمايتتى، ھەر كۈنى ئالتە سائەتلىك دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردىمۇ ئىزدىنىپ ئۆگىنەتتى. ئۇ ھەممىلا نەرسىگە قىزىقاتتى، ئۆگەنگەنلىرىدىن نەتىجە ھاسىل قىلماي قالمايتتى، شۇڭا ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ دائىم ئۇنىڭ ئىقتىدارى، تىرىشچانلىقى ۋە تالانتىدىن ئۈمىد كۈتەتتى.

ئۇنىڭ تەبىئىي پەننى ئاجايىپ ھەۋەس بىلەن ئۆگىنىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى دائىم باشقىلارغا:

— لۇتپۇللا ئەگەر ئالىي مەكتەپلەردە بىلىم ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولسا، ئۇ چوقۇم ئاجايىپ ماتېماتىك بولۇپ چىقىدۇ، — دەيتتى.

— ياق، — دەيتتى بەزىلەر بۇنىڭغا قوشۇلماي، — ئۇ كاتتا سىياسىيون ياكى پەيلاسوپ بولۇپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— سىلەر نېمە دەپ يۈرسىلەر، ئۇ چوقۇم سەنئەتچى ياكى تەنھەرىكەتچى بولۇپ چىقىدۇ، يا بولمىسا ھەر ئىككىلىسىلا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بىزنىڭ مەكتەپتە ۋالىبول، پۇتبول، شاھمات دېگەننى ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك ئوينىيالمايدۇ، — دەيتتى يەنە بەزىلىرى.

ئەمما، لۇتپۇللا ئەدەبىيات - سەنئەت جەڭچىسى بولۇش يولىغا ماڭدى. ئۇ ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئاددىي بىر ھەۋەس، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ئەرمەك، نام چىقىرىدىغان ۋاستە دەپ قارىمايتتى، بەلكى ئۇنى خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، دۈشمەنلەرگە قارشى ئەجەللىك ئوق ياغدۇرىدىغان قورال دەپ بىلەتتى ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلەتتى. ئۇنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىگە كىرىپ قېلىشىدا مۇنداق بىر باشلىنىش بولغانىدى.

لۇتپۇللا تاتار مەكتىپىنىڭ يۇقىرى يىللىقلىرىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئوقۇتقۇچىسى رەمزىيە ئۇنىڭ تام گېزىتىگە يازغان شېئىرلىرىدىن بىر نەچچىنى تاللاپ، «ئىلى گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتىپ بەردى. لۇتپۇللا بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ھەر قېتىم گېزىت كەلسە ئالدى - ئارقىسىغا سىنچىلاپ قاراپ ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شېئىرنى ئىزدەيدىغان بولدى، لېكىن تاپالمايتتى. ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي بۇ شېئىرلار ئىككى ۋاراق پىكىر يېزىلغان قەغەز بىلەن مۇئەللىمگە قايتىپ كەلدى. رەمزىيە مۇئەللىم شۇ چاغدا لۇتپۇللاغا ئەھۋالنى ئوچۇق ئېيتىپ، تەھرىر بۆلۈمىنىڭ پىكرى بويىچە شېئىرلارنى ئۆزگەرتىپ چىققاندىن كېيىن، گېزىتخانا تەھرىر بۆلۈمىدىكى ئەنۋەر ناسىرى دېگەن كىشىگە ئاپىرىپ بېرىشنى تاپىلىدى. ئۇ يەنە لۇتپۇللاغا گېزىتتە ئېلان قىلىشقا يارايدىغان شېئىرلارنى يېزىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى، ئەگەر شېئىر ياخشى يېزىلسا ھەم گېزىتكە بېسىلسا ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولىدىغان ئادەملەرنىڭ سانى كۆپىيىدىغانلىقىنى، ئەھمىيىتىنىڭمۇ زور بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. دەرۋەقە، لۇتپۇللا ئىلگىرى سىنىپ تام گېزىتىگە، كېيىنچە مەكتەپ گېزىتىگە خېلى كۆپ شېئىرلارنى يېزىپ، رەسىملەرنى سىزىپ بېرىپ كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان ئىدى. بۇ قېتىم ئۇ شېئىرلىرىنىڭ گېزىتكە يارىماي قالغانلىقىدىن بىر ئاز مەيۈسلەنسىمۇ، ئوقۇتقۇچىسى بىلەن بولغان سۆھبەتتىن كېيىن كۆڭلى يورۇپ، شېئىرلىرىنى يەنە بىر نۆۋەت ئەستايىدىل ئۆزگەرتىپ چىقتى. ئۇ شېئىرلىرىنى چىرايلىق قىلىپ كۆچۈرگەندىن كېيىن «ئىلى گېزىتى» ئىدارىسىگە بېرىپ، ئەنۋەر ناسىرنى ئىزدەپ تاپتى - دە، ئۆزگەرتىپ كەلگەن ۋە يېڭىدىن يازغان شېئىرلىرىنى ئۇنىڭغا بەردى.

ئەنۋەر ناسىرى — ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ

ئالدىنقى ۋەكىللىرىدىن بىرى، تالانتلىق شائىر ھەم ژۇرنالىست ئىدى. ئۇ «ئىلى گېزىتى»دە باش تەھرىر بولۇپ ئىشلەۋاتقان ۋاقىتلىرىدا ياش يازغۇچى - شائىرلارنى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىپ تۇرغانىدى. ئەنۋەر ناسىرى ياشلارنى ئىلىم - مەرىپەت يولىغا كۆپرەك جەلپ قىلىشنى ئويلايتتى، ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلاتتى ۋە قاتتىق تەلەپ قوياتتى.

– ھەم، لۇتپۇللا دېگەن سەنمىدىڭ؟ ياخشى، رەمزىيە مۇئەللىم سەن توغرۇلۇق ماڭا ئېيتقانىدى. مانا بۈگۈن تونۇشۇش نېسىپ بوپتۇ. قېنى، بۇياقتا ئولتۇر، ئۇكام، – دېدى ئەنۋەر ناسىرى لۇتپۇللاغا بوش ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ. لۇتپۇللا ئەنۋەر ناسىرى كۆرسەتكەن ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. ئەنۋەر ناسىرى لۇتپۇللانىڭ ئېلىپ كەلگەن شېئىرلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كىرىشتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ بېشىنى قەغەزدىن كۆتۈرۈپ لۇتپۇللادىن سورىدى:

– نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

– ئون تۆتكە.


– نېمىشقا شېئىر يېزىشقا ھەۋەس قىلىپ قالدىڭ؟

– مەن شېئىرنى ياخشى كۆرىمەن، شۇڭا ئۆزۈمچىلا...
– دېدى لۇتپۇللا ئەنۋەر ناسىرىنىڭ كۈتۈلمىگەن سوئاللىرىدىن ئوڭايسىزلىنىپ. ئەنۋەر ناسىرى سەل ئويلانغاندىن كېيىن ئەستايىدىل قىياپەتتە خۇددى چوڭ كىشىلەرگە سۆزلىگەندەك سۆزلەشكە باشلىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى تور بېكىتى



– سىزنىڭ شېئىر يېزىشقا ھەۋەسلەنگىنىڭىز ناھايىتى ياخشى. جەمئىيەتتە شېئىر ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار ھەر كۈنى سادىر بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر بىر ھەۋەسكار بۇلارنىڭ ھەممىسىنى خالىغانچە قەغەزگە قوندۇرىۋەرسە شېئىر بولمايدۇ. مۇھىمى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ناھايىتىمۇ تەسىرلىك ۋەقە - ھادىسىلەرنى ئۆگىنىپ، ئوي - پىكىرلەرنى يىغىنچاقلاپ، كاللىدا قايتا - قايتا پىششىقلاپ چىقىش كېرەك. ئاندىن ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىر قىلىدىغان، كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان، كىشىگە كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلايدىغان قىلىپ يېزىش كېرەك، – ئەنۋەر ناسىرنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى، – يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇكا، بىز شېئىرنى كىشىلەرنى تەسىرلەندۇرۇش ئۈچۈن يېزىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ يازغان شېئىرلىرىمىز كىشىلەرگە خۇددى گۈلدۈرماما، چاقماقتەك تەسىر قىلسۇن. دۈشمەنلەرنى ئۆرتەندۈرسۇن، خەلقنى ئويغاتسۇن، ئۈمىدلەندۈرسۇن، مەزلۇملارنى يېڭىلىق، ئەرك، ھۆرلۈك ئۈچۈن كۈرەشكە چاقىرسۇن! – ئەنۋەر ناسىرى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنىدى، ئۇ سۆزلىگەندە قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ بىردەم ئاسماننى ئىشارە قىلسا، بىردەم كىملەرگىدۇر خىتاب قىلغاندەك قىلاتتى. ئاندىن ئۇ ئاۋازىنى بىر ئاز پەسەيتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، – مانا مۇشۇنداق شېئىرلار بولغاندىلا، ئاندىن بىز خۇراپاتلىقتا ۋە غەپلەتتە قالغانلارنى ئويغىتالايمىز، ئۇلارنىڭ قەلبىدە كونا دۇنياغا غەزەپلىك يانغىن پەيدا قىلالايمىز، ئۇقتۇڭمۇ؟ ھە، ئۇققان بولساڭ ياخشى شېئىر يېزىشتا يەنە بىر مۇھىم مەسىلە بار.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئۇ ـ ماھارەت. شېئىر يېزىش ماھارىتىنى ئىگىلەش ئۈچۈن شېئىرنىڭ بارلىق قائىدە - قانۇنلىرىنى پىششىق بىلىشكە، ئۆزىمىزنىڭ ھەم چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ شېئىر يېزىشتىكى ئىلغار ۋە يېڭى ماھارەتلىرىنىمۇ ئۆگىنىپ چىقىشقا ۋە كۆپ مەشىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەنۋەر ناسىرى شۇ تەرىقىدە نۇرغۇن چۈشەنچىلەرنى بەرگەندىن كېيىن، لۇتپۇللا ئېلىپ كەلگەن شېئىرلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇنىڭ قايتا ئىشلەپ كېلىشىگە تاپشۇردى، پەقەت تۆت كۇپلېتلىق بىر شېئىرنىلا ئۆزى كۆرۈپ بېقىشقا ئېلىپ قالدى.

لۇتپۇللا گېزىتخانىدىن ناھايىتى روھلىنىپ قايتتى، ئۇ ئەنۋەر ناسىرىنىڭ يېقىملىق ۋە يارقىن سۆزلىرىدىن شېئىر يېزىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە شېئىر يېزىشتىكى مەقسەت - مۇددىئانى چۈشىنىۋالغانىدى.

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن مەكتەپكە لۇتپۇللاغا قارىتىپ يېزىلغان بىر خەت كەلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە لۇتپۇللانىڭ ئەنۋەر ناسىرى ئېلىپ قالغان شېئىرى بېسىلغان بىر سان «ئىلى گېزىتى» بار ئىدى.

مەتبەئە مېيىنىڭ ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان بۇ گېزىتتىكى ئۆز شېئىرىنى كۆرگەن لۇتپۇللانىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. بۇ شېئىر لۇتپۇللادا كۈچلۈك ھاياجان پەيدا قىلغانىدى. بىراق، شېئىر ئۆزى يازغاندەك ئەمەس ئىدى. لۇتپۇللا قەغەزلىرى ئارىسىدىن بۇ شېئىرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى ئىزدەپ تېپىپ، سېلىشتۇرۇشقا باشلىدى. گېزىتكە چىققان شېئىرغا مۇھىم ۋە ئورۇنلۇق

ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈلگەندى. لۇتپۇللانىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئەنۋەر ناسىرىنىڭ ئۆتكەندە ئېيتقان سۆزلىرى قايتا جاراڭلىغاندەك بولدى: «بىزنىڭ يازغان شېئىرلىرىمىز كىشىلەرگە خۇددى گۈلدۈرماما، چاقماقتەك تەسىر قىلسۇن. دۈشمەنلەرنى ئۆرتەندۈرسۇن، خەلقنى ئويغاتسۇن، ئۈمىدلەندۈرسۇن، مەزلۇملارنى يېڭىلىق، ئەرك، ھۆرلۈك ئۈچۈن كۈرەشكە چاقىرسۇن!» ئەينى ۋاقىتتا لۇتپۇللا بۇ سۆزلەرنىڭ تېگىگە ئانچە يەتمىگەندى. ھازىر ئۇ گېزىتكە بېسىلغان ئۆزىنىڭ تۇنجى شېئىرىنى كۆرۈۋېتىپ، بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ھېس قىلدى. بۇ سۆزلەر ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىر قاراڭغۇ جاڭگاللىق ئىچىدىن بىردىنلا كەڭ دالىغا چىقىدىغان يولنى كۆرسىتىپ بەرگەن يورۇقلۇقتەك تۇيۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئەنۋەر ناسىرىغا چىن ئىخلاس باغلىدى.

لۇتپۇللانىڭ شېئىرلىرىنىڭ گېزىتتە ئېلان قىلىنىشى ئۇنى تېخىمۇ تىنىم تاپماس قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە تېخىمۇ زور جاسارەت ۋە ئىشەنچ پەيدا بولدى. ئۇ پات - پاتلا گېزىتكە بېسىلغان شېئىرلىرىنى ۋە ئۇنىڭ كىشىلەرگە بېرىۋاتقان تەسىرىنى ئويلاپ، ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ كېتەتتى، ھەمدە ھاياجان بىلەن قوللىرىنى بىر - بىرىگە ئىشقىلاپ تۇرۇپ، ئۆز - ئۆزىگە: «مانا، ئەمدى يول تېپىلدى. راستىنلا ئاجايىپ ياخشى يول تېپىلدى... بۇ يول يېڭى كۈرەش، يېڭى غەلىبىلەرگە ئېلىپ بارىدۇ، بۇ يولدا ماڭغىنىم ماڭغان!» دەپ تەكرارلايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئوتتۇرا مەكتەپتە

ئەزەلدىنلا خىيالچان... مۇڭلۇق بىر يىگىت ئىدىم،
تىڭشىغاچقا مومام ئاغزىدىن ساماۋى چۆچەكلەرنى.

سۆيگۈ دېگىنى چوڭقۇرلۇقىدا مەن قاينام تۇرسام،
ئۇسسۇزلۇقۇم قانداق قانسۇن ئىچىپ كىچىك كۆلچەكلەرنى؟!

(لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «خىيالچان تىلەك» دېگەن شېئىرىدىن)

1936 - يىلى كۈزدە لۇتپۇللا رەمزىيە مۇئەللىمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن غۇلجا شەھىرىدىكى رۇس ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردى.

بۇ مەكتەپ غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى كوچىلارنىڭ بىرىگە سېلىنغان، مەكتەپنىڭ خىشتىن قوپۇرۇلغان تاملىرىنىڭ تۆۋىنى قارا بويالغان، قالغان يەرلىرى ئاپئاق ئاقارتىلغانىدى، مەكتەپ ئىچى بەكمۇ پاكىز ئىدى. كارىدورنىڭ تاختايلىرى يېڭى سىرلاپ قويغاندەك ۋاللىداپ تۇراتتى. قوش قاناتلىق ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىغا ئىككى چوڭ تاشئەينەك ۋە كىيىم ئاسقۇچلار ئورنىتىلغان، سىنىپلارمۇ ئازادە ھەم يورۇق، ھەربىر

سىنىپقا چوڭ خەتلىك شوئارلار چاپلانغانىدى.

بۇ ئەسلىدە غۇلجىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرلىرى ئۈچۈن سېلىنغان مەكتەپ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسەن رۇس باللىرى ۋە بىر قىسىم باشقا مىللەت باللىرى ئوقۇيتتى. مەكتەپ ئىنتىزامى قاتتىق تۇتۇلاتتى، ئوقۇغۇچىلارغا سىياسەت دەرسىدە جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى، لېنىن ئەسەرلىرى سۆزلىنەتتى. «ئەمگەك دۇنيانى ياراتقان» دېگەن شوئار مەكتەپنىڭ ھەممىلا سىنىپلىرىدا كۆزگە چېلىقاتتى، ئەدەبىيات دەرسىدە رۇس يازغۇچى - شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى، دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى تونۇشتۇرۇلاتتى.

لۇتپۇللا بۇ مەكتەپكە يېڭى كەلگەندە بىر ئاز گاڭگىراپ قالدى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپى رۇسلار ئىدى، ئۇلار ئادەتتىمۇ رۇسچە سۆزلىشەتتى، ئۇ بۇنىڭغا ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قالدى. ئۇ ئاۋۋال رۇس تىلىنى پۇختا ئىگىلىۋېلىش لازىملىقىنى، شۇ چاغدىلا دەرسلەرنى چۈشىنەلەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، ھە دېگەندىلا رۇس تىلىنى ئۆگىنىشكە قاتتىق بېرىلدى.

بۇ مەكتەپتە يۈزى قىزىل، سېرىق چاچلىرى ئاقارغان، دائىم كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، كۆزەينەك تاقاپ يۈرىدىغان ئىۋان سېرگېۋىچ دەيدىغان ئېگىز بويلۇق بىر مۇئەللىم بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيى ئۈچ دەرۋازىدا بولۇپ، لۇتپۇللانىڭ تىككۈچى تۇغقانلىرىغا تام قوشنا ئىدى. ئىۋان سېرگېۋىچ ئۇيغۇرچىنىمۇ ئاز - تولا بىلەتتى.

بىر كۈنى لۇتپۇللا ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى سۇپىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى



ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتاتتى. يېنىغا ئىۋان سىرگىۋىچ كەلدى.

– لۇتپۇللا، نېمە كۆرۈۋاتىسەن؟

– دەرسىمنى ئوقۇۋاتىمەن.

– ياخشى، ياخشى، سەن ياخشى بالا، مېنىڭمۇ بىر ئوغلۇم بار. ئىسمى پېتكا. ئۇمۇ ئۇيغۇرچە ئۆگىنىۋاتىدۇ. ئىككىڭلار دوست بولساڭلار، سەن رۇسچىنى تېزرەك ئۆگىنىسەن، ئۇمۇ ئۇيغۇرچىنى ئوڭاي ئۆگىنىۋالىدۇ، – دېدى ئىۋان سىرگىۋىچ.

شۇنىڭدىن كېيىن لۇتپۇللا پات- پاتلا ئىۋان سىرگىۋىچنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇرىدىغان بولدى، ئۇنىڭ پېتكا دېگەن ئوغلىمۇ رۇس مەكتىپىدە ئوقۇيتتى ھەم لۇتپۇللا بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئىدى. ئۇلار بارا - بارا دوست بولۇپ قالدى.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى. ئىككىنچى يىلى لۇتپۇللا رۇسچە دەرسلەرنى خېلىلا چۈشىنەلەيدىغان، رۇسچە پاراڭلىشالايدىغان بولۇپ قالدى. لۇتپۇللا پات - پات پېتكانىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ دادىسىدىن كىتاب ئارىيەت ئېلىپ تۇراتتى. بىلەلمىگەن يەرلىرىنى سورايتتى. ئۇنداق چاغلاردا پېتكانىڭ دادىسىمۇ زېرىكمەي چۈشەندۈرۈپ قوياتتى. بىر كۈنى ئىۋان سىرگىۋىچ ئۆزىنىڭ رۇسىيەدە تۇغۇلغانلىقى، كىچىك ۋاقتىدا ئائىلىسىنىڭ بەكمۇ نامراتلىقتا كۈن كەچۈرگەنلىكى، ئۆزىنىڭ زاۋۇتتا بالا ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەنلىكى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى.

— نېمە؟ سىزمۇ نامرات تۇرمۇش كەچۈرگەنما؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى لۇتپۇللا.

— ھەئە، ئۇ چاغلاردا يۇرتىمىزدا نۇرغۇن خەلق نامرات ياشايتتى. بايلار، كاپىتالىستلارلا ياخشى تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن يەر - زېمىنى، زاۋۇت - فابرىكىلىرى بار ئىدى، خەلقنىڭ بولسا ھېچنېمىسى يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇلار يىل بويى ئىشلىسىمۇ قورسىقى تويمايتتى، كىيىمى پۈتۈن بولمايتتى. كېيىن بىز كۈرەش قىلدۇق، ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياخشى ئوقۇغانلار ئىززەت -ھۆرمەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

لۇتپۇللانىڭ خىيالىغا بىردىنلا نىلقىدىكى دېھقانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى، شەھەر خەلقىنىڭ نامرات تۇرمۇشى، زاۋۇتتىكى كىشىنى غەزەپلەندۈردىغان ئىشلار كەلدى ۋە ھەۋەسلەندى. ئىۋان ئۇنىڭغا بىر كىتاب بىلەن بىر قانچە ژۇرنالنى ئاچىقىپ بەردى.

ئىلىم - پەنگە ۋە بىلىم ئېلىشقا تەشنا لۇتپۇللا ئۆگىنىشكە تېخىمۇ ئىجتىھات بىلەن كىرىشىپ كەتتى. ئۇ كىتابلاردىن تېخىمۇ كۆپ كۈچ - قۇۋۋەت ئېلىشقا باشلىدى.

لۇتپۇللا يەنە رۇس ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق يازغۇچى گوركىنىڭ ۋە شائىر ماياكوۋسكىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقتى. پۇشكىن، لېرمونتوپ ۋە باشقا شائىر - يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن پۈتمەس - تۈگىمەس مەنىۋى ئوزۇق ئالدى. ئۇ رۇس تىلىدىكى كىتابلارنى ئوقۇش ئارقىلىق جەمئىيەتكە بولغان كۆزىتىشىمۇ چوڭقۇرلاشتى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۇ ھەربىر كىشىگە، ھەربىر ۋەقەگە يۈزەكى ئەمەس، ئەتراپلىق مۇئامىلە قىلىدىغان بولدى. لۇتپۇللادىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرگە شۇ چاغدىكى غۇلجىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلىرىمۇ ئالاھىدە ياردەم بەرگەنىدى.

دەل شۇ چاغدا جىڭ شۇرېننىڭ چىرىگەن ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ سەۋر - تاقەت قاچىسىنى تولدۇرۇۋەتكەچكە، ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇنىڭغا قارشى نارازىلىق ھەرىكەتلىرى كۆچەيدى، جۈملىدىن جىڭ شۇرېن ھۆكۈمىتىنى ھالاكەتكە يۈزلەندۈرگەن قومۇل خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى پارتلىدى. مىسلىسىز غەزەپ - نەپرەت بىلەن كۆتۈرۈلگەن خەلق قومۇلدىكى ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتنى ناھايىتى تېزلا يىمىرىپ تاشلاپ، ئازادلىق، باراۋەرلىك يولىدا زىچ ئۇيۇشۇپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۈرۈمچىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى.

مانا مۇشۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيتتە، ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن جىڭ شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇزاققا داۋاملىشالمايدىغانلىقىنى پەملىگەن مەككار باندىت شېڭ شىسەي ئۆزى ئىگىلەپ تۇرغان ھەربىي ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، 1933 - يىل 12 - ئاپرېل كۈنى سىياسى ئۆزگىرىش قوزغاپ، ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشى بىلەنلا ئۆزىنىڭ پۇت تىرەپ تۇرۇشى ئۈچۈن «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇ سىياسەتلەردە «مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش»، «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىش»،

«تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش»، «ئىسلاھ قىلىش»، «پارىخورلۇققا، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش»، «يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلار بار ئىدى. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ھەر مىللەت زىيالىيلىرى غۇلجا، ئۈرۈمچى، چۆچەك، قەشقەر، ئاقسۇ ۋە باشقا شەھەرلەردە «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى»، «سانائى - نەفىسە ئۆمىكى» قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا كىرىشتى، ئىلغار ئىدىيەۋى ئاڭ ھەممە يەردە بىخ ئۇرۇپ، دېموكراتىك ھەرىكەتلەر ئەۋج ئالماقتا ئىدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى لۇتپۇللا ئىدىيەسىنىڭ ئىنقىلابىيلىشىشىغا مۇھىم تارىخىي شارائىت يارىتىپ بەرگەن ئامىللار ئىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى يېڭى كىتابلارنىڭ يىغىنى www.uyghurkitap.com

# شائىرنىڭ بېشى

**ئۆلۈم يوق ساڭا، شائىر زادى ئۆلمەيدۇ،**
**ئەلنىڭ بۈيۈك گەۋدىسىدىكى ساپ قىزىل قان بول!**
**چۆرگىلەي، ئۆرگىلەي، سادىغاڭ كېتەي ئەل بوينىدىن.**
**ئەلنىڭ تۈيغۇسىغا ئاندەك كۆيۈمچان بول!**

(لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «شائىر توغرىسىدىكى مۇۋەششەھ» دېگەن شېئىرىدىن)

لۇتپۇللا ئۆزىگە ئازراق بولسىمۇ بىلىم بەرگەن ھەرقانداق كىشىنى بەك ھۆرمەتلەيتتى. ئۇلاردىن زېرىكمەي ئۆگىنەتتى. ئوقۇغۇچىلىق چاغلىرىدىلا مەكتەپتىكى مۇئەللىملىرىدىن باشقا، يەنە جەمئىيەتتىمۇ كۆپلىگەن ئۇستازلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە لۇتپۇللانى ئەدەبىيات جەڭگاھىغا باشلاپ كىرىشتە زور ئەجىر سىڭدۈرگەن كىشى ئەنۋەر ناسىرى ئىدى.

ئەنۋەر ناسىرىنىڭ ئۆيى تۆپەدەڭدە ئىدى. تۆپەدەڭ غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تۆپىلىككە سېلىنغان كونا دەڭنىڭ يۇقىرىسىدىكى بىر كىچىك مەھەللە ئىدى. بۇ مەھەللىدە سۇ بەك قىس بولغاچقا، ياز كۈنلىرى

كوچىلىرى ئادەمنىڭ ئوشۇقىغا كەلگۈدەك قارامتۇل توپا بىلەن تىناتتى. سەللا شامال كەلسە، پۇرقىراپ كۆتۈرۈلگەن توپا ئەتراپنى قاپلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ مەھەللىنىڭ نامى «تۆپەدەڭ »دىن ئۆزگىرىپ«توپادەڭ» بولۇپ قالغانىدى. ئىسمى جىسمىغا تەبىئىي ماس كېلىپ قالغان بۇ مەھەللىدە يازدا توپا، كۈزدە ۋە ئەتىيازدا پاتقاق ئۆكسىمەيتتى.

بۇ چاغلاردا لۇتپۇللا ئۈچ دەرۋازا مەھەللىسىدە تۇراتتى. ئۈچ دەرۋازا بىلەن تۆپەدەڭنىڭ ئارىلىقى ئۈچ - تۆت كىلومېتىر كېلەتتى. ئەمما لۇتپۇللاغا بۇ ئارىلىق زادىلا يىراق بىلىنمەيتتى. ئۇ تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدىلا دېگۈدەك تۆپەدەڭگە كېلىپ، ئەنۋەر ناسىردىن كېچە - كېچىلەپ تەلىم ئالاتتى. يازغان شېئىرلىرىنى كۆرسىتىپ بىللە پىكىرلىشەتتى، بىللە ئۆزگەرتەتتى. ئەنۋەر ناسىرنىڭ ئائىلىسى شۇنچە نامرات بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ نامرات تۇرمۇشىدىن قىلچە سۆز ئاچمايتتى، لۇتپۇللا ھەر قېتىم بارغىنىدا ئۇنىڭ ئۈستەلگە دۆۋىلەنگەن بىر توپ قەغەزلەرنى ئاختۇرۇپ، لامپىنىڭ يورۇقىدا جىددىي ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. لۇتپۇللا ئۇنىڭ چىدامىلىق، كەمتەر روھىدىن، قىزغىن مۇئامىلە ۋە ياردىمىدىن يېڭى پىكىر، يېڭى ئىلھام ئېلىپ قايتىپ كېلەتتى.

بىر كۈنى ئەنۋەر ناسىرى لۇتپۇللا بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭدىن:

— ھەر قانداق كەسىپ ئىگىسىنىڭ ئۆز ئۇستازى بولىدۇ. بۇنى«پىر» دەپ ئاتايدۇ. مەسىلەن: ياغاچچى

بىناكارلانىڭ پىرى خەلىلۇللا راخمان، تېۋىپ - ئۆلىمالارنىڭ پىرى ھەزرىتى لوقمان. ئەمدى شائىر - يازغۇچىلارنىڭ پىرى كىم؟ بىلەمسەن؟ - دەپ سورىدى.

- ئۇقمايمەن، - دېدى لۇتپۇللا ئۆزىنىڭ راستىنلا بىلمەيدىغانلىقىنى ئىقرار قىلىپ، - شائىر - يازغۇچىلارنىڭمۇ پىرى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەنمەن.

- بۇنى ئۇقمىساڭ زادى بولمايدۇ، ئۇكام، بۇ ناھايىتى مۇھىم مەسىلە. ئېسىڭدە مەھكەم تۇتقىنكى، شائىر - يازغۇچىلارنىڭ پىرى خەلق!

- خەلق؟ - قايتۇرۇپ سورىدى لۇتپۇللا شائىرلىقتىن، يازغۇچىلىقتىن قىلچىمۇ ساۋاتى بولمىغان سان - ساناقسىز كىشىلەر توپىنىڭ ئەنە شۇ شائىر - يازغۇچىلارغا پىر بولۇپ قالغانلىقىغا ئەجەبلىنىپ.

- ھەئە، خەلق، - دېدى ئەنۋەر تېخىمۇ سالماقلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، -ئەتراپىمىزدا ياشاۋاتقان ئاشۇ ئاددى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ خەلق بولىدۇ. ئۇلار شۇنچىلىك قاۋۇل، شۇنچىلىك بۈيۈك، شۇنچىلىك ئۇلۇغۋاركى، ئەييۇھاناس، ئۇلار ئەبەدىي ئىشلەيدۇ، ئەبەدىي كۈرەش قىلىدۇ، ئەبەدىي ياشايدۇ. ئۇقتۇڭمۇ؟ سەن كۆرۈۋاتقان تۆمۈرچىلەر، ھارۋىكەشلەر، موزدۇزلار، كاسىپلار، دېھقانلار، مەدىكارلار، شەھەرلىكلەر، سەھرالىقلار، تاغلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ بۈيۈك خەلقنىڭ بىر قىسمى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە شائىر - يازغۇچىلارنى ئەبەدىي تەمىنلەپ تۇرىدىغان مىسلىسىز بايلىق بار. ئۇلارنى قېزىپ

ئېلىپ، ئۇنىڭدىن يەنە ئاشۇ خەلق يارىتىپ ئوقۇيدىغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلالىغان شائىر - يازغۇچىلارلا خەلق بىلەن بىللە ئەبەدىي ياشىيالايدۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



# بەس - مۇنازىرە

راۋابىڭنى كۆرەش مۇقامىغا سازلىمساڭ،
كونا مۇقامىڭ تولا، قۇلاققا خۇشياقماس.
باغ ياساپ، گۈللەر تېرىپ، ياشناتمىساڭ،
غازاڭلىقتا بۇلبۇللار قانات قاقماس.

(لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «دوستۇمغا» دېگەن شېئىرىدىن)

ئەنۋەر ناسىرىنىڭ ئۆيىگە شەھەرنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا ئىشلەيدىغان ئادەملەر پات - پات كېلىپ تۇراتتى. بۇ ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى يازغۇچى، بەزىلىرى شائىر، بەزىلىرى ئوقۇتقۇچى، بەزىلىرى ئارتىس، بەزىلىرى سازەندە، بەزىلىرى بولسا سالام خەت يازدۇرۇش ئۈچۈن كىرگەن قولۇم - قوشنىلار بولۇپ، ئۇلار ئەنۋەر ناسىرى بىلەن كۆپ ئىشلار ئۈستىدە كېڭىشەتتى، مۇڭدىشاتتى، بەزىدە ھەتتا كەسكىن مۇنازىرىلەرمۇ بولۇپ قالاتتى.

لۇتپۇللا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى بۇ ساھەنىڭمۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىمۇ ئوخشىمىغان كۆزقاراشتىكى، ئوخشىمىغان مۇددىئادىكى كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلدى. بۇلارنىڭ بىرى نادانلىق -

خۇراپاتلىق ئىلكىدە قالغان ۋە ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەتنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە تايانغان قارا كۈچلەر، يەنە بىرى خەلق تەرەپتە تۇرىدىغان ئىلغار زىيالىيلار ئىدى. لۇتپۇللا بارا - بارا قارا كۈچلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا ئىجادىي يېڭىلىقلارغا كۈلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنىمۇ بايقىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەنە تار پىكىرلىك كۆرەلمەسلەر ۋە ھەسەتخورلارمۇ بار ئىدى.

ئۇ چاغلاردا شېئىر ئىجادىيىتىدە «پېشقەدەم» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بەزى كىشىلەر چۈشىنىكسىز، مەھىيەگە تولغان ئۇزۇندىن -ئۇزۇن شېئىرلارنى يېزىپ ئوتتۇرىغا چىقاتتى. يەنە كېلىپ ئۇلار خېلى چوڭقۇر يىلتىزمۇ تارتقانىدى. بۇنداق شېئىرلاردىن پەقەت يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرلا ھۇزۇرلىناتتى، خەلق بولسا ھېچقانداق نەپ ئالالمايتتى.

بىر كۈنى ئەنۋەر ناسىرىنىڭ ئۆيىدە بىر مۇنازىرە بولۇپ قالدى. شۇ كۈنى توپلانغانلارنىڭ ھەممىسى شائىرلار ئىدى. گەپ ئۆرۈلۈپ - چۆرۈلۈپ شۇ چاغدا يېزىلىۋاتقان شېئىرلار ۋە ئىجادىيەتكە يېڭى كىرىشىۋاتقان ياش شائىرلار ئۈستىدە بولدى.

مۇنازىرلەشكۈچىلەر پەقەت بەشلا ئادەم ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن يازغان «كۈرەش ئىلھامى» دېگەن شېئىرىنى ئەنۋەر ناسىرغا كۆرسىتىپ بېقىش ئۈچۈن كەلگەن لۇتپۇللامۇ بار ئىدى. بۇ سورۇندا ھەممىدىن بەكرەك گەپدانلىق قىلىۋاتقىنى ئىككى «مويسىپىت» ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى توختىسا، يەنە بىرى سۆزلەيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىڭى ئادرېسى



لۇتپۇللا بۇ ئادەملەرنىڭ سۆزلىرىدىن بىرىنىڭ دەل ھېلىقى چۈشىنىكسىز يازىدىغان «ھېكمەتتى» دېگەن كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىغا يوشۇرۇنغان چوڭقۇر مەزمۇنلارنى كۆرسىتىش ئۈچۈن شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدىلا بىر شېئىرنى بىرنەچچە رەت ئۈنلۈك ئوقۇپمۇ چىقتى ۋە گېزىتكە باسمىغانلىقى ئۈچۈن ئەنۋەر ناسىرىغا دارتىمىلاپ سۆزلەپمۇ قويدى.

– مانا ھازىر بەزى تەنتەكلەر، – دېدى ھېكمەتتى غەزەپ بىلەن، – شېئىرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تولۇق بىلمەي تۇرۇپلا قولىغا قەلەم ئېلىپ ھەرخىل بولمىغۇر نەرسىلەرنى يېزىشقا باشلىدى. گېزىتمۇ ناھايىتى يەڭگىللىك بىلەن ئۇلارغا ئورۇن بېرىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ نېرى - بېرىسىنى چۈشەنمىگەن خەقلەر ئۇنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئەقلى بۇلغىنىپ، ھەرخىل « جەدىت» خىياللارغا بېرىلىپ كېتىۋاتىدۇ.

– تېخى ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ قوپاللىقىچۇ! – دەپ سۆزلەپ قىستۇردى ئىككىنچىسى، –نەدىكى سەھرالىق تومپايلارنىڭ گەپلىرى... شېئىرىيەتكە مۇشۇنداق بىمەنە گەپلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىۋاتقىنىنى دېمەمسىز تېخى...

– قاراڭلار، – دېدى ھېكمەتتى ئۆزىنىڭ ئۇزۇن قەسىدىسىنىڭ خەقلەر چۈشەنمەيۋاتقان «مۇھىم» يەرلىرىنى يەنە بىر نۆۋەت ئوقۇپ چىقىپ، – مانا بۇ ئەدەبىي تىل، جاراڭلاپ تۇرىدىغان شېئىرىي تىل...

سورۇندا ئولتۇرغان بەزىلەرنىڭ باشقىچە پىكىرلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا گەپ ئاشمىغاچقا، ئىلاجسىز

سۇكۇت قىلىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن لۇتپۇللامۇ تازا تىت - تىت بولدى، شۇڭا ئۇ ھېكمەتتىنىڭ گېپىنى كۈتمەيلا سوئال قويدى:

– ھېكمەتتى ئەپەندى، سىز ئۇيغۇر ئەمەسمۇ؟

– نېمە دېمەكچىسەن؟! – دېدى ھېكمەتتى گېپىنىڭ قاپ بېلىگە تېپىۋەتكەن بۇ بالىدىن رەنجىگەن ھالدا گىدىيىپ تۇرۇپ، – مەن ئۇيغۇر.

– ئۇنداق بولسا، – دېدى لۇتپۇللا تېخىمۇ قەتئىي ھالدا، – سىزنىڭ شېئىرىڭىز نېمانچە چۈشىنىكسىز؟

ھېكمەتتى شۇندىلا ئۆزىنى مەسخىرە قىلىۋاتقان بۇ بالىنىڭ لۇتپۇللا ئىكەنلىكىنى سەزدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دارىتمىلىق گەپلىرىدە دەل لۇتپۇللانىڭ شېئىرلىرىنى سۆكۈۋاتقانىدى.

– ھە، سەنمۇ ھېلىقىدەك بولا - كېتەر شېئىر يازىدىغانلارنىڭ بىرى دېگىنە! – دېدى ئۇ چىرايى ئۆڭگەن ھالدا، – ۋارقىرايسەن، جاقىرايسەن، دېگەن سۆزۈڭنىڭ مەزمۇنى يوق، بۇ شېئىرىيەت، بىلدىڭمۇ؟ شېئىرىيەتتە چوڭقۇر ئوي - پىكىر، گۈزەل ھېس - تۇيغۇلار ئارقىلىق مۇھەببەت كۈيلىنىشى كېرەك. سېنىڭ بىر نېمىلىرىڭنى شېئىر دەپ ئېيتىش نادانلىق، ئۇلارنىڭ ئۆمرى كوتا، بەك كوتا! ئۇلار بەربىر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەيدۇ. ئۇزۇپ ئېيتىمەنكى، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەيدۇ... – ھېكمەتتى بارغانسېرى قىزىشىپ كېتىۋاتاتتى.

– ئۇنى ئىسپاتلاش ناھايىتى ئاددىي، – دېدى لۇتپۇللا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



تەمكىن تۇرۇپ.

— نېمىنى ئىسپاتلاش ئاددىي؟

— قايسى شېئىرلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئاددىي دەۋاتىمەن - دە!

— قانداقسىگە ئاددىي بولىدىكەن؟ خوش، ئىسپاتلاپ باققىنا قېنى.

— مېنىڭ شېئىرىمنى سىز چۈشىنىشنى خالىمايسىز. سىزنىڭ شېئىرىڭىزنى مەن ئوقۇپ چۈشىنەلمەيمەن، — دېدى لۇتپۇللا قەتئىي هالدا، — بىز شېئىرلارنى خەلقنى ئويغىتىپ، نادانلىقنى، خۇراپاتلىقنى تۈگىتىشكە، كونا دۇنيانى گۇمران قىلىشقا چاقىرىپ يېزىشىمىز كېرەك. مانا شۇنداق شېئىرلارنى خەلق يارىتىپ ئوقۇيدۇ. خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياققان، خەلقنىڭ شوئارىغا ئايلانغان شېئىرلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ.

لۇتپۇللانىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ئولتۇرغانلارنىڭ قەلبى ھۇزۇرلىنىپ، ۋۇجۇدىغا يېڭى بىر كۈچ جەملەنگەندەك بولدى، ھېلىقى ئىككى ئەپەندى بولسا تېرىككەن ھالدا پەشلىرىنى قېقىپ چىقىپ كەتتى...

راست دېگەندەك لۇتپۇللا ئۆز شېئىرلىرىنى سىياسىي مەزمۇن بىلەن سۇغىرىپ، غەپلەتتە قالغان خەلقنى ئويغىتىپ، كونا دۇنيانى گۇمران قىلىشقا ئىشلىتەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئاشۇ يىللاردا يازغان «خەلقىمگە»، «ئەپەندى بولماق»، «دېھقىنىمغا»، «كۈرەشچان خوتۇن - قىزلار»، «بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى»، «كۆكلەم

ئىشقى»، «چىمەن»، «بىز ئۇيغۇر ئوغۇل-قىزلىرى»، «كۈرەش»، « جانان ئەيلەر»، « چوڭ كۈرەش قوينىدا»، «كۈرەش ئىلهامى»، «كۈرىشىۋاتىمىز»، «ئىشلە، دېهقان ئاكا»، «خوش»، «باتۇر قىلىچ» قاتارلىق شېئىرلىرى ۋە بىر قاتار دىراما، كومېدىيەلىرى جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىغان ۋە ئۇلارغا ئىلهام بەرگەنىدى.

ۋەھالەنكى، شۇ ئەسەرلىرىنى يارىتىپ، شۇنداق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان مەزگىللەردە لۇتپۇللا تېخى 17 ياشقا تولمىغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



# بىلىمسىز ياسون، جانلىق ھەيكەل

ئىستىكىم مۇشۇ دەپ شامال ئارقىسىدىن يۈگۈرمە،
شەكىل ئۈچۈن ھالاك - تالاك قالما، مەڭگۇ جانلىق پەيكار تاپ.

(لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «غەزەل» دېگەن شېئىرىدىن)

لۇتپۇللا ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىلا شەكىلۋازلىق، پەردازخورلۇقتىن خالىي ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇ بۇنداق ئىللەتلەرنى كىمدە كۆرسە، شۇنىڭغا ئۆز پىكرىنى يۈزتۇرانە ئېيتاتتى.

1938 - يىلى سېنتەبىر كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۈگۈن غۇلجا كوچىلىرى بۆلەكچىلا جانلىنىپ كەتكەن، بولۇپمۇ مەكتەپلەر خۇددى بايرامدىكىدەك بېزەلگەن، مەكتەپ دەرۋازىلىرىغا بولسا « يېڭى ئوقۇش يىلىڭىزغا مۇبارەك!» دەپ چوڭ ۋە چىرايلىق قىلىپ يېزىلغان قىزىل پىلاكاتلار ئېسىلغانىدى.

شۇ كۈنى ھەممىدىن بەكرەك خۇشاللىقتا چۆمگەنلەر مەكتەپ بالىلىرى بولدى، ئۇزۇن يازلىق تەتىلنى تۈگىتىپ، يېڭى ئوقۇش يىلىنىڭ باشلىنىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ كەلگەن چوڭ - كىچىك ئوغۇل -

قىزلار بوغچىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، كىتاب - دەپتەرلىرىنى قولتۇقلاپ، كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن ئۆز مەكتەپلىرىگە كېتىشىۋاتاتتى، كوچىدىكى بۇ قايناام - تاشقىنلىق لۇتپۇللانى خۇشال قىلىۋەتكەنىدى.

«ئۈمىد مەكتەپ» ئەدەبىيات كۇرژۇكىنىڭ ئەزالىرى ئۇنى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا شېئىر ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىشقانىدى، شۇڭا ئۇ روھلۇق هالدا ئاشۇ مەكتەپكە كېتىۋېتىپ بولغۇسى مۇراسىم ھەققىدە ئويلىنىۋاتاتتى.

«مۇراسىمدا نېمىنى ئوقۇپ بەرسەم بولىدىكىن - ھە؟ بۇ ئادەتتىكى بىر يىغىلىش ئەمەسقۇ! ئۇنىڭغا شەھەردىكى ھەممە مەكتەپلەردىن ۋەكىللەر قاتنىشىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىرتتىن چوڭلارنىمۇ تەكلىپ قىپتۇدەك...» لۇتپۇللا كېتىۋېتىپ بىر ھازاغىچە ئويلاندى - دە، بىردىنلا: «ھە، ئەمدى تاپتىم!» دەپ توۋلىۋەتتى. ئۇ ئاۋازىنىڭ قاتتىق چىقىپ كەتكىنىدىن خىجىل بولۇپ، ئەتراپىغا قاراپ قويدى ۋە خىيالىنى داۋاملاشتۇردى، «بۈگۈنكى مۇراسىمغا قاتنىشىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ماڭا ئوخشاش ئوقۇغۇچى باللار، شۇڭا مەن ئۆزۈمنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىم يېزىلغان ھەم ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان ‹بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى› دېگەن شېئىرىمنى ئوقۇپ بېرەي، بىز ياشلار ۋەتىنىمىزدە ئۆزىمىزنىڭ ياش غۇنچە گۈللىرىنى ئېچىلدۇرۇش ئۈچۈن بىرلىشىپ مەنىلىك ۋە بەرىكەتلىك ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك!»

دەل شۇ پەيتتە ئاشۇ مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com



ئوقۇيدىغان ئەدەبىيات كۇرژۇكىنىڭ ئەزاسى تۇرغان دېگەن بالا مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا لۇتپۇللانى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ مەكتەپ قاراۋۇلىنىڭ ئوغلى بولۇپ، لۇتپۇللا بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئىدى ھەم قويۇق ئارىلىشاتتى، تۇرغان لۇتپۇللا بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇنى ئىككى تەرىپى تەپتەكشى قېلىن قارىياغاچلار بىلەن سوقۇلغان «يېشىل تام» ئارىلىقىدىكى كۆك خىشلىق ئازادە يول بىلەن مەكتەپ بىناسىغا ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار ھە دېگەندىلا بۈگۈنكى مۇراسىمنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇش ئەھۋالى توغرىسىدا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشكەندى.

توساتتىن يېقىنلا يەردە ئاڭلانغان، ئۈركۈپ كەتكەن توخۇلارنىڭ ئاۋازىدەك قاقاھلىغان كۈلكە ھەر ئىككىسىنى تەڭلا بۇرۇلۇپ قاراشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ، يولنىڭ ئۇ چېتىدە تۇرغان ئاجايىپ ياسىنىۋالغان بىر ئوغۇل بىلەن بىر قىزنىڭ كۈلكىسى ئىدى.

بۇلارنىڭ تۇرقى لۇتپۇللانىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. ئۇ قەدىمىنى ئاستىلىتىپ، ئۇلارغا بىر پەس تىكىلىپ قارىدى.

ئوغۇل بالا ئورۇق ھەم ئېگىز بولۇپ، كۈننىڭ ئىسسىقلىقىغا قارىماي كىيىۋالغان قاتۇرۇپ دەزماللانغان كەڭ كاستۇم - بۇرۇلكىسى ئورۇق گەۋدىسىگە زادىلا قولاشمىغانىدى. بويىنىغا باغلىۋالغان ئالا - بۇلىماچ گالىستۇكى چاقماق كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى ئېڭىكىگە تاقاشتۇرۇپ تۇراتتى. قېشىنىڭ بىر تەرىپىنى يېپىپ تۇرغان بىر تۇتام شالاڭ چېچى كالىنىڭ تىلىدەك

ئېسىلىپ تۇراتتى، بېشىنىڭ ئارقىسىغىراق تارتىپ بىر تەرەپكە قىيسايتىپ كىيىۋالغان بەش قىرلىق، دۇگىلەك تۇگمىسى باركەپكىسى ھېلىلا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك تۇراتتى، شۇڭا ئۇ بوينىنى سەل ئالدىغا ئېگىۋالغانىدى. ئۇ شىمىنىڭ ئىككى يانچۇقىغا كەپلەپ تىقىۋالغان قولى بىلەن شىمىنى ھە دەپ ئىككى تەرەپكە كۆپتۈرەتتى، ئېغىرلىقىنى ئۇ پۇتىدىن بۇ پۇتىغا چۈشۈرۈپ يۆتكىگەندە، پارقىراپ تۇرغان شىبلىتىدىن «غاچ - غاچ» قىلغان ئاۋاز چىقاتتى.

ئۇنىڭ يېنىدىكىسىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئورۇق گەۋدە ئىدى، ئۇنىڭ ئىنچىكە پۇتلىرىغا كىيىۋالغان ئېگىز پاشىنىلىق تۇپلىيى، بىلىكىگە ئېسىۋالغان ئۈچ بۇرجەك سومكىسى، قات - قات يوپكىسى، بۇدۇر قىلىۋالغان سارغۇچ چېچى، قىلىۋاتقان گېپى بىلەن تەڭ تولغىنىپ تۇرىدىغان بىر تۇتام بېلى خۇددى يوغان بىر ياچىۋەكنى ئەسلىتەتتى. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن قىلىچىمۇ ئوقۇغۇچىلىق قىياپەت چىقمايتتى.

— بۇلار كىم؟ — سورىدى لۇتپۇللا يېنىدا كېتىۋاتقان تۇرغاندىن ئەجەبلىنىپ.

— ئاۋۇ ھىممەت ياسانچۇق، — دېدى تۇرغان ئېڭىكى بىلەن ئىشارە قىلىپ، — يېنىدىكى خەلپە نايناق. بۇلتۇر ھەر ئىككىسى كۆچەلمەي سىنىپتا قالغان، بۇ يىل يەنە مۇشۇنداق يۈرسە... بىلمىدىم، ئاخىر يەنە قانداق بولىدىكىن، — ئۇ سەل ئويلىنىۋېلىپ سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، — دەرسكە كۆڭۈل قويسىغۇ تۈزۈكلا

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com



باللار، بۇلتۇر يىل ئاخىرىدىن باشلاپ ھە دېسىلا كىنو، ھە دېسىلا تانسىغا قاترايدىغان بولۇۋالدى، خىيالىدا ئويۇن - تاماشىلا، شۇڭلاشقا لەقەملىكمۇ بولۇپ قالدى...

ئۇلار پاراڭ بىلەن تەنتەنىلىك بېزەلگەن يىغىن زالىغا كىرىپ كېلىشتى، مۇراسىم تېخى باشلانمىغان، زالنىڭ ئىچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى بىلەن تولغانىدى.

لۇتپۇللانىڭ كىرىپ كېلىشى ۋاراڭ - چۇرۇڭنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى، ئۇنى تونۇيدىغانلار بىردەمدىلا ئۇنى ئورىۋېلىشتى، بەللىرىگە، دۈمبىلىرىگە، يەلكىلىرىگە قېقىشىپ تۇشمۇتۇشتىن ئەھۋال سوراشتى. لۇتپۇللانىڭ كېلىشى ئۇلارنى ھەقىقەتەن خۇشال قىلغانىدى. باللارنىڭ خۇشاللىقىدىن لۇتپۇللانىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، كۆڭلىدىكى غەشلىك تارقاپ كەتكەندەك بولدى...

ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى باشلاندى. زالغا توپلانغانلار جاي - جايلىرىدا ئولتۇرۇشۇپ، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ يېڭى ئوقۇش يىلىنىڭ باشلىنىشى ھەققىدىكى دوكلاتىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى، ئۇشتۇمتۇت ئاڭلانغان چىرقىراق كۈلكە بىلەن تەڭ زالنىڭ ئىشىكى غاچ قىلىپ ئېچىلىپ، ئىككى گەۋدە ئەلەڭشىپ كىرىپ كەلدى.

ئۇلارنىڭ تەقى - تۇرقى، تەكەببۇر غادىيىشلىرى زالدىكىلەرنىڭ نەپرىتىنى قوزغىدى، بىر پەس تەنىلىك جىلمىيىشلارغىمۇ سەۋەب بولدى. دوكلات بېرىۋاتقان مەكتەپ مۇدىرىمۇ كۆزىنى ئالدىدىكى تېزىستىن يۆتكەپ، قارا رامكىلىق كۆز ئەينىكىنىڭ ئۈستىدىن قاراپ قويدى.

ۋەكىللەرنىڭ قاتارىدا ئولتۇرغان لۇتپۇللامۇ بىر نەرسىدىن سەسكەنگەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئىشىك تەرەپكە كۆز تاشلىدى. بۇ كىرگەنلەر بايا يولدا ئۇچرىغان ھېلىقى ياسانچۇقلار ئىدى.

سەھنە بىلەن زال ئاللىقاچان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ۋە ۋەكىللەر بىلەن لىققىدە تولۇپ كەتكەچكە، ھېلىقى ئىككەيلەن زال ئىشىكىنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ ئۆرە تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

لۇتپۇللا ئۇلارغا قارىغانسېرى بايىقى غەشلىكى يەنە قوزغالدى ھەم كۆڭلىگە قانداقتۇر بىر ئىش كەلگەندەك يېنىدىن بىر ۋاراق قەغەز ئالدى - دە، ئۇلارنىڭ ھەجۋىي رەسىمىنى سىزىشقا باشلىدى...

لۇتپۇللا بۇ مۇراسىمدا «بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى» دېگەن شېئىرىنى ئوقۇپ بېرىپ ھەممىنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ زور ئالقىش ۋە تەبرىكلەشلەرگە سازاۋەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدىكى بايىقى غەشلىك تارقاپ كەتمىگەنىدى...

ئەتىسى مەكتەپكە ھەممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغان ھەجۋىي رەسىم پەيدا بولدى. بۇ رەسىم يوغان تاختا قەغەزگە سىزىلىپ، مەكتەپ زالىنىڭ تۆرىگە چاپلاپ قويۇلغانىدى. ئۇنىڭدا ھېلىقى ئىككەيلەننىڭ كۆلكىلىك تۇرقى بەكمۇ كېلىشتۈرۈپ چۈشۈرۈلگەن بولغاچقا، يىراقتىنلا كىشىنىڭ دىققىتىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە تارتاتتى. رەسىمنىڭ ئاستىغا يەنە چوڭ ھەرپلەر بىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرېسى



ياسانچۇق دوستلىرىمغا!
بىلىمسىز پاسۇن،
جانلىق ھەيكەل!
ــ بىلىم خۇمارىدىن
دېگەن سۆزلەر يېزىپ قويۇلغانىدى.

بىر توپ قىز - ئوغۇللار ئۇ رەسىمنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ، ئۇنى قىزىقىپ كۆرمەكتە، توپنىڭ ئارىسىدا ئوقۇتقۇچىلارمۇ بار ئىدى. بەزى ھەيياررااق باللار رەسىمنى كۆرسىتىپ:

ــ ۋاي مۇنۇ ئەجىز - مەجىزلەر كىم؟ جىن - ئالۋاستىلار ئەمەستۇ؟ ــ دەپ زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشتى.

ــ ئەجىز - مەجىز ئەمەس، يەجۇجى - مەجۇجى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ مەكتەپتىن چىققان يەجۇجى - مەجۇجىلەر، ــ توپ ئارىسىدىن چىققان بۇ سۆزلەرگە يەنە ھەممە پاراقلاپ كۈلۈشتى.

دەل شۇ پەيتتە خۇددى تۇنۇگۇنكىدەك پۈزۈر ياسانغان ئىككىيلەن كېلىپ قالدى. بۇلارنى كۆرگەن باللار «ئۆز رەسىملىرى»نى ئوچۇقراق كۆرۈۋالسۇن، دېگەندەك قىلىپ ئۇياقتا - بۇياقتا سىلجىپ ئۇلارغا ئورۇن بوشىتىپ بەردى.

ھېلىقى ئىككىيلەن رەسىمگە قارىدىيۇ، بىردىنلا چىرايى ئۆڭۈپ، تاتىرىپ كەتتى. ئۇلار توپنىڭ ئىچىدىن پىخىلداپ چىقىۋاتقان مەسخىرىلىك كۈلكىلەرنى ۋە تەنىلەرنى ئاڭلاپ نومۇستىن يېرىلىپ كەتكۈدەك

بولدى. ھېلىقى قىزنىڭ ھەشەم بىلەن ئۇششاق بۇدۇر قىلىۋالغان چاچلىرىغا، ئەگلىك سۇرۇۋالغان مەڭزلىرىگە ئوت تۇتىشىپ كېتىۋاتقاندەك، ھېلىقى ئوغۇل بالىنىڭ ئۇستىدىكى كىيىملىرى سىيرىلىپ چۇشۇپ كېتىۋاتقاندەك بارغانسېرى قورۇلۇپ - توگۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار بىر ھازادىن كېيىن ئەندىككەندەك بۇرنىنى تارتىپ قويۇپ، لام - جىم دېمەي ئاستا بۇرۇلۇپ ئۆز سىنىپلىرىغا كىرىپ كەتتى...

بىر توپ بالىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئۇلارنىڭ ئۆتكەنكى قېتىملاردىكىدەك بىرىنىڭ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي جاۋۇلدىمىغىنىغا، يەنە بىرىنىڭ زالنى بېشىغا كىيىپ چالۋاقاپ كەتمىگەنلىكىگە ئەجەبلىنىپ ئارقىسىدىن قاراپ قېلىشتى...

ئارىدىن بىر مەۋسۇم ئۆتۈپ كەتتى، بىر كۈنى تۇرغان ئۆزىنىڭ يازغان شېئىرلىرىنى كۆرسىتىپ مەسلىھەت ئېلىش ئۇچۇن لۇتپۇللانى ئىزدەپ رۇس مەكتىپىگە بارغانىدى، لۇتپۇللا ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى كۆرۈپ چىقىپ تېگىشلىك پىكىرلىرىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن سورىدى:

— ھېلىقى بۇرادەرلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— قايسى بۇرادەرلىرىڭ؟ — تۇرغان لۇتپۇللانىڭ گېپىنى دەماللىققا چۈشەنمەي ياندۇرۇپ سورىدى، ئاندىن يەنە ئۆزى جاۋاب بەردى، — ھە، ھېلىقى رەسىمدىكىلەرما؟

— ھەئە، شۇلارنى دەيمەن...

– ۋاھ، ئۇلار ھازىر تامامەن «ئوقۇغۇچىلىق قىياپەت»كە قايتىپ كەلدى دېگىنە، ئۇ رەسىم نەق ئىككى ھەپتىگىچە چاپلاقلىق تۇرۇپ ئۇلارنىڭ تازا رەسۋاسىنى چىقاردى. كېيىن ئۇلار رەسىمنى سېنىڭ سىزغانلىقىڭنى ھەم مېنىڭمۇ ياردەملەشكەنلىكىمنى بىلىپ قېلىپ، خېلى ۋاقىتلارغىچە ساڭا غەزەپلىنىپ، ماڭا قېيىداپ يۈرۈشتى. كېيىن ئوڭشىلىپ قالدى. ھازىر بىز يېقىن دوست بولۇپ كەتتۇق، بىر كۈنى ئۇلارنى سېنىڭ قېشىڭغىمۇ باشلاپ كېلىمەن.

# ئۈچرىشىش

بىز كونا دۇنيا بىلەن كۆرۈشىۋاتىمىز،
ھەربىر ئىشتا،
ھەر قەدەمدە
چېپىش ياساپ،
بىر - بىرىمىزنى سۆرىشىۋاتىمىز.
......
ئەسكى دۇنيا بىلەن خوشلىشىۋاتىمىز.
خۇراپات بىلەن ئېلىشىۋاتىمىز.
ھەر قەدەمدە سېلىشىۋاتىمىز.

(لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «كۆرۈشىۋاتىمىز» دېگەن شېئىرىدىن)

ھايات ئاجايىپ نەرسە ـ دە! ئۇ كىشىنى ھەم خۇشال قىلىدىغان، ھەم خاپا قىلىدىغان ئىشلار بىلەن تولۇپ كەتكەن. مانا بۇ قېتىمقى يازلىق تەتىلدە نىلقىغا چىققان لۇتپۇللا دېھقانلارنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ ئىلگىرى بايقىمىغان نۇرغۇن ئىشلاردىن خەۋەردار بولدى، ئۇ بۇ يەردە بىرنەچچە خاتىرە دەپتەر توشقۇدەك ماتېرىيال توپلىۋالغىنىدىن بەكمۇ خۇشال ئىدى. بىراق، لۇتپۇللانىڭ رۇس مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇۋاتقانلىقىدىن نارازى بولغان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئاتىسىنىڭ ئۇنى بۇ قېتىم شەھەرگە قايتىپ كىرىشتىن توسۇپ تۇرۇۋالغانلىقى لۇتپۇللاغا بەك ئەلەم قىلدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ: «ئوقۇشۇم پۈتۈشكە ئاز قالدى، مەكتەپنى پۈتكۈزۈۋالىمەن - دە، قايتىپ چىقىپ ئائىلىگە ياردەم قىلىمەن» دەپ يۈرۈپ ئاران شەھەرگە قايتىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا رۇخسەت ئالدى. بۇ ئىشقۇ شۇنداق پۈتتى، ئۇنىڭدىن باشقا تېخىمۇ مۇھىم ئىش بار ئىدى، لۇتپۇللا ئۆتكەندە «رۇس مەكتىپىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن نېمە ئىش قىلىش كېرەك؟» دېگەن مەسىلىدە ئەنۋەر ناسىرىنىڭ پىكرىنى ئالغانىدى. ئۇ ئۇرۇمچىگە بېرىپ داۋاملىق بىلىم ئاشۇرۇشنى تەۋسىيە قىلدى. لۇتپۇللا بۇ پىكىرنى ئورۇنلۇق كۆرۈپ، ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئوقۇش نىيىتىگە كەلگەنىدى.

«ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ۋاقتى - سائىتى كېلىپ قالغاندا دادامنىڭ قوشۇلمايدىغانلىقى ئېنىق، ئاپامغۇ، ئەلۋەتتە، ئۇنىمايدۇ، قانداق قىلسام بولىدىكىن؟» لۇتپۇللانى ئېلىپ كەلگەن هارۋىكەش يېڭى ھايات مەھەللىسىگە كەلگەندە ئۇنى چۈشۈرۈپ قويۇپ، ھارۋىسىنى كەپەكيۈزى تەرەپكە ھەيدەپ كەتتى، لۇتپۇللا بىر قولىدا ئەپچىل چامادىنىنى كۆتۈرۈپ، يەنە بىر قولىدا يەلكىسىگە ئارتىۋالغان يالاڭ چاپىنىنى تۇتقان ھالدا پىيادە كېلىۋېتىپ ئاشۇ خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

– ھوي، سەن لۇتپۇللا ئەمەسمۇ؟!

توساتتىن چىققان تونۇش ئاۋاز ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغان لۇتپۇللا ئالدىدا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



تۇرغان ئاغىنىسى ئەلقەمنى كۆرۈپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى.

– ئەلقەممۇ سەن؟ قانداق ئەھۋالىڭ؟ – ئۇلار قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

– راست، – دېدى لۇتپۇللا، – بىز كۆرۈشمىگىلى قانچە يىللار بولۇپ كەتتى؟ ئېسىڭدىمۇ، مەن نىلقىدىن غۇلجىغا ئوقۇشقا ماڭغاندا سىلەر نىلقىدىن خۇدىيار يۈزىگە كۆچۈپ كەتمەكچى بولۇۋاتاتتىڭلار. شۇنىڭدىن بېرى كۆرۈشمىدۇق، بىردەمدىلا شۇنچە يىللار ئۆتۈپ كېتىپتۇ. تاقىر چوققا ئېسىڭدىمۇ؟ ھېلىقى تاقىر چوققىچۇ؟ پاھ، ئاجايىپ چاغلار ئىدى - دە ئۇ چاغلار، توقايلىقلارنى دېمەمسەن تېخى. كەلگىنە، باشقىدىن ئورۇسچىسىغا بىر كۆرۈشۈۋېتەيلى.

ئۇلار يەنە قۇچاقلاشتى، ئاندىن قاقاھلاپ كۈلۈشتى. ئەلقەمنىڭ بويى ئىلگىرىكىدىن يەنىمۇ ئۆسكەن بولۇپ، ئۇچىسىدا يالاڭ چاپان، ئىچىدە ئۆرە ياقىلىق ئاقۇچ كۆڭلەك بار ئىدى. پۇتىغا كىيىۋالغان رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن بەتىنكىسىنى ئۇزۇن شىمى يېپىپ تۇراتتى، ئۇمۇ بۇ ئۇچرىشىشتىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، لۇتپۇللانى ھارۋىغا تارتتى.

– قېنى ھارۋىغا چىق، گەپنىڭ داۋامىنى يولدا ماڭغاچ قىلايلى. مەن تېخى ئارامخۇدا بولغاندا سېنى بىر ئىزدەپ باقماقچى بولۇۋىدىم. مانا ئەمدى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئۇچراپ قالدىڭ. ئاپامۇ سېنىڭ گېپىڭنى تولا قىلاتتى، سېنى ئېلىپ چىقسام، تازا خۇشال بولىدۇ.

مەنمۇ كاندا ساۋاتىمنى چىقىرىۋالدىم ھەم كەچلىك كۆرستىمۇ ئوقۇدۇم.

– كەچلىك كۆرستىمۇ ئوقۇدۇڭما تېخى؟ – دەپ سورىدى لۈتپۇللا خۇشاللىق بىلەن.

– ھەئە، گەپ جىق. سېنىڭ بىلەن ئىككى كۈن سۆزلەشمىسەم زادى بولمايدۇ.

– سەنمۇ ئەمدى يېڭى دۇنيانىڭ ئادىمى بوپسەن. مانا ئەمدى بىرلىشىپ كونا دۇنيانىڭ ئەدىپىنى بېرىدىكەنمىز - دە!

ئەلقەمنىڭ ئۇچراپ قالغىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىۋالغانلىقى لۈتپۇللا ئۈچۈن يېڭىلىق ئىدى. شۇڭا، لۈتپۇللانىڭ كاللىسىغا دەرھال ئەلقەمگە ئۆز پىلانىنى ئېيتىپ بېرىپ، ئۇنىمۇ ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا بېرىشقا كۆندۈرۈش پىكرى كەلدى. شۇڭا، ئۇ ئىككىلىنىپ تۇرمايلا ھارۋىغا چىقىپ ئولتۇردى - دە، ئەلقەمنىڭ خۇدىيار يۈزىدىكى ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئارزۇ يولىدا

**كۆرەشنى قىزىتتۇق بىز، ئاخىرقى يېڭىش بىزنىڭدۇر،**
**كۆرەشكەنسېرى چېنىقىش، زەپەرلىك سۈرئەت بىزنىڭدۇر.**
**كۆرەشكەن ھەر فىرونتتا، ھەر دائىما بىزلەر يەڭدۇق،**
**يېڭىشقا ئالغا مېڭىش، كۈچ - قۇۋۋەت بىزنىڭدۇر.**

(لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «كۆرەش» دېگەن شېئىرىدىن)

1939 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. لۇتپۇللا ئۆتكەندە ئەلقەمگە ئۆزىنىڭ پىلانىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئەلقەممۇ لۇتپۇللا بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا بارماقچى بولدى. شۇ چاغدىكى مەسلىھەت بويىچە لۇتپۇللا ھەر شەنبە كۈنى ئەلقەمنىڭ ئۆيىگە چىقىپ، تۈن يېرىمىغىچە ۋە ئەتىسى كەچكىچە ئۇنىڭ ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرىپ تۇردى. مانا يازلىق تەتىلمۇ باشلاندى. ئۈرۈمچىدە ئېچىلىدىغان مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغاچقا، لۇتپۇللا ئىلىقىغا چىقىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئەلقەم بىلەن كۈنبويى جىددىي دەرس تەييارلاشقا كىرىشىپ كەتتى. بۇ كۈنلەردە ئەلقەمنىڭ كۆرەدىكى مۇئەللىملەرنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ئىنىسى ئىبراھىمنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كېلىپ قالغىنى تېخىمۇ ياخشى بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياز كۈنى كانىلار

تاقىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەلقەممۇ كۈنبويى بىكار ئىدى.

مانا بۈگۈنمۇ ئەلقەملەرنىڭ ئۆيىدە تەكرار داۋام قىلماقتا. ئۆيىنىڭ تېمىغا لۇتپۇللا ئېلىپ چىققان خەرىتە ئېسىلغان، يېنىدا خاماندا ئىشلىتىلىدىغان تۇرگە تىكلىنىپ دوسكا قىلىنغان، دوسكىنىڭ يېنىدا بولسا لۇتپۇللا «ئوقۇتقۇچى» بولۇپ دەرس سۆزلىمەكتە. پۈتۈن زېھنى بىلەن دەرس ئۆزلەشتۈرۈش ھەلەكچىلىكىگە چۈشۈپ كەتكەن بالىلارنىڭ كىتاب - دەپتەرلىرى كىچىككىنە چاسا شىرەگە پاتماي كىگىزنىڭ ئۈستىگە ئېچىپ قويۇلغانىدى. ئىلگىرى كىچىكلىكى، كۆرۈمسىزلىكىدىن چۆلدەرەپ تۇرىدىغان بۇ زەي ئۆي بىردىنلا ۋاراڭ - چۇرۇڭ بىلەن تولغان ئاۋات دەرسخانىغا ئايلانغانىدى. ئۆيدىكى بۇ ئىشلار ئەلقەمنىڭ ئاپىسىنىمۇ شادلاندۇرۇۋەتتى. ئۆمۈرلۈك سەپدىشىدىن بالدۇرلا ئايرىلىپ، جاپا مۇشەققەتلىك ھاياتىدا كۆڭۈل ئاۋۇتقۇدەك خۇشاللىقنىڭ بولغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيدىغان مايىمخان ھەدە بەكمۇ ئاقكۆڭۈل، مۇڭداشقاق ئايال ئىدى.

چۈشلۈك چاي ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ قورساق تويدۇرۇش ئېسىگە كەلمەيۋاتقانلىقىدىن تىت - تىت بولغان مايىمخان ھەدە خام قايماق بىلەن پىششىق قايماق ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئېتىلگەن بىر كورا ئەتكەنچاينى كۆتۈرۈپ كىرىپ، لۇتپۇللاغا قاراپ:

— ئەمدىزە، سەن ئەپەندى ھەممىمىزنىلا ئەپەندى قىلىۋېتىدىغان ئوخشايسەن، بۇ ئۆيدە دەسسىگۈدەك يەرمۇ قالماپتىغۇ، خۇدايىم، بۇ چاينى نەگە قويارمەن؟ — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



– خاپا بولماڭ، مايمىدە، – دېدى لۇتپۇللامۇ چېقىشىپ ۋە خەرتىتىدىكى ئەگرى - بۈگرى سىزىقلارنى تاياق بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ، – بىز سىزنى ئاسماندا ئۇچۇرۇپ ھەرەمگە ئاپىرىش يولىنى ئىزدەۋاتىمىز! يەنە كېلىپ بىزنىڭ قىلىۋاتقىنىمىز بىر كۈرەش دەڭە، كۈرەش قىلمىساق، ئاسمانغا چىقىشىمۇ يوق گەپ.

– ۋاييەي... سىلەر مېنى ئاسمانغا ئېلىپ چىققۇچە كىرپىكىمنى قۇم باسار؟!

– قاراپ تۇرۇڭ، ئاسماندا ئۇچىدىغان كۈنلەرمۇ كېلىدۇ. ئۇ چاغدا بىز ئايروپىلاننى غوڭ قىلىپ ھەيدەپ كېلىپ سىزنى ئولتۇرغۇزىمىز - دە، يەنە غوڭ قىلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ: «قېنى، مايمىدە، سىز بىزنىڭ ئاسماندا ئۇچالايدىغانلىقىمىزغا ئىشەنمەيۋاتاتتىڭىز، ئەمدىچۇ؟» دەيمىز. شۇ چاغدا سىز «كىرپىكىمنى قۇم باسار» دېگەن گېپىڭىزنىڭ ئورنىغا «ھەرىكەت قىلساڭلار يېتىسىلەر مۇرادقا، ھەرىكەت قىلمىساڭلار قالىسىلەر ئۇياتقا» دېگەن سۆزنى ئىشلەتمىگىنىڭىزگە پۇشايمان قىلىپ قالىسىز تېخى...

– ۋاي، سەنغۇ قەۋەتلا گەپدان، ساڭا گەپ تېپىپ بەرگىلى بولمايدۇ، – دېدى مايمىخان ھەدە. ئۇنىڭ چوڭقۇر قورۇقلار بىلەن تولغان سولغۇن چىرايىدا ئەمدى كۈلكە پەيدا بولدى، – مېنىڭچىمىغۇ، راستىتىنلا شۇنداق بولسا خويمۇ ئوبدان بولاتتى، خۇدايىم تىلىكىڭلارغا يەتكۈزسۇن!

ئىمتىھانغا ئىككى ھەپتە قالغاندا لۇتپۇللا ئىبراھىمغا سوئال چىقارغۇزۇپ ئۆزلىرىدىن ئۆزلىرى

ئىمتىھان ئېلىپ باقتى. ئاندىن ئەلقەمگە داۋاملىق تەكرار قىلىشى ئۈچۈن بىرنەچچە جايلارنى بەلگىلەپ بېرىپ، ئۆزى شەھەرگە كىرىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com





# ئەتىھان گۈلىرىدە

قەھرىمان ياشلار ئەمدى تەييار تۇرسا،
قەھرىمانلارچە ھەربىر ئىشتا ھوشيار بولسا،
قاراڭغۇ بۇلۇڭلارغىمۇ چىراغلار يېقىلسا،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.
......
ھەربىر ئىشتا ئەل خىزمىتىگە ئاساسلانساق،
قۇرۇپ تېخنىكا، ئېغىر ئىشنى ئاسانلاتساق،
تەرەققىيات يولىغا ئەزىز جاننى ئاتساق،
بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

(لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ « بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى» دېگەن شېئىرىدىن)

رۇس مەكتىپىنىڭ ئاخىرقى ئوقۇش يىلىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاندى. ئەمدى لۇتپۇللانىڭ ھاياتى يەنە بىر يېڭى بۇرۇلۇشقا قەدەم بېسىش ئالدىدا تۇراتتى، ئاتا - ئانىسى لۇتپۇللانىڭ ئوقۇشىنى تېز تاماملاپ، ئائىلىسىگە قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا لۇتپۇللانىڭ قابىلىيىتى ۋە پەزىلەتلىرىگە قايىل بولغان بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇنى شەھەردە قىلىپ ئوقۇتقۇچىلىق ياكى باشقا خىزمەت قىلىشقا تەۋسىيە قىلاتتى، لېكىن لۇتپۇللانىڭ ئىلىمگە بولغان تەشنالىقى تېخى قانمىغانىدى. شۇڭا ئۇ بۇ تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇستازى ئەنۋەر ناسىرى ئۇنىڭ قەتئىي ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئوقۇش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى ۋە ئۇنى بۇ يولدىن قايتماسلىققا دەۋەت قىلدى.

كۈنلەر تېز ئۆتمەكتە. لۇتپۇللا شەھەرگە كىرىپ يەنە كېچە - كۈندۈزلەپ ئىمتىھان تەييارلىقىغا تۇتۇندى. بۇ ئۇنىڭ ئوقۇغان دەرسلىرىدىنلا ئەمەس، بىر پۈتۈن ھاياتىدىن ئېلىنىدىغان ھەم ئۇنى يېڭى يولغا، يېڭى كۈرەشكە باشلايدىغان ئىمتىھان ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ دوستى ئەلقەمگە ياردەم بېرىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى.

ئىمتىھان ئېلىش ۋاقتى يېقىنلاشماقتا. لېكىن، لۇتپۇللانىڭ تەييارلىقىدىن ئانچە رازى ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ ئىمتىھانغا ئىككى ھەپتە قالغاندا، غۇلجىدىكى ئۈمىد مەكتەپنىڭ قاراۋۇلى ھىۋىللا دېگەن كىشى بىلەن بولغان تونۇشلۇقى ۋە ئوغلى تۇرغان بىلەن يېقىن دوستلۇقىدىن پايدىلىنىپ، شۇ مەكتەپنىڭ بىر سىنىپىنى ۋاقىتلىق ئىشلىتىپ تۇرۇشقا ئالدى - دە، ئەلقەم بىلەن تۇرغاننى شۇ يەرگە چاقىردى.

— بۇ تۇرغان، — دەپ تونۇشتۇردى لۇتپۇللا ئەلقەمگە، — مېنىڭ يېقىن ئاغىنەم، مۇشۇ مەكتەپنىڭ قاراۋۇلى ھىۋىلكامنىڭ ئوغلى، ئۇمۇ ئىمتىھان بەرمەكچى.

لۇتپۇللا ئاندىن ئەلقەمنى تۇرغانغا تونۇشتۇردى. تۇرغان ئۇچىسىغا ئاددىي شىم، بىرنەچچە يېرىگە ياماق چۈشكەن كونا چاپان، بېشىغا ئۆڭكۈپ كەتكەن قاسقانلىق شەپكە كىيگەن، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان ۋىجىكرەك بىر بالا ئىدى. ئەلقەم بېشىدىكى چىلان رەڭ يېڭى بۆكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان كىيىملىرى ئۆزىنىڭكىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان بۇ بالا بىلەن تونۇشقىنىغا خۇشال بولدى.

— ئەمدى ئۇچىمىز مۇشۇ يەردە دەرس تەكرار قىلىمىز، — دېدى لۇتپۇللا، — جىددىي كىرىشمىسەك بولمايدۇ. ئاڭلىشىمچە، يەنە ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئۇرۇمچىدە ئېچىلىدىغان مەكتەپلەرگە ئىمتىھان ئېلىنىدىكەن...

شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئۇچەيلەن مۇشۇ سىنىپتا يېرىم كېچىگىچە دەرس تەييارلاشقا كىرىشتى. ئۇلار ھەتتا بەزىدە تاڭنى شۇ سىنىپتا ئاتقۇزۇۋېتەتتى، بەزىدە تۇرغاننىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالاتتى.

بۇ كۈنلەردە لۇتپۇللا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگىمۇ كەمدىن - كەم بارىدىغان بولدى. پەقەت ئۇلار ئەنسىرەپ ئىزدەشكە باشلاي دېگەندە بېرىپ، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇپ يەنە «غايىب» بولۇپ كېتەتتى.

1939 - يىل ئاۋغۇستنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى، ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا بېرىشقا تىزىملاتقانلار ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا توپلاندى، جاي - جايلاردىن ئىمتىھانغا قاتنىشىش ئۈچۈن توپلانغانلارنىڭ كۆپىنچىسى قېتىپ ياسىنىۋالغان بايۋەچچىلەر بولۇپ، كەمبەغەللەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




باللىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. لۇتپۇللامۇ ئەلقەم بىلەن تۇرغاننى باشلاپ ئىمتىھان مەيدانىغا يېتىپ كەلدى ۋە ئەتراپىدىكى ئۆزلىرىنى مازاق قىلىپ كۈلۈشۈۋاتقانلارغا پىسەنت قىلماستىن، دادىل چامداپ ئىمتىھان زالىغا كىرىپ كەتتى...

ئىمتىھان ناھايىتى سۈرلۈك ئۆتتۈۋاتاتتى، ئاستى - ئۈستى تاختايلىق كەڭ ۋە ئازادە ئىمتىھان مەيدانىدا قولتۇقىغا قاتتىق مۇقاۋىلىق يوغان دەپتەرلەرنى قىستۇرۇۋالغان ئىمتىھان نازارەتچىلىرى ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ئىمتىھان بەرگۈچىنىڭ ئالدىغا بىردىن لىپاپا قويۇلغان بولۇپ، ھەركىم ئۆز ئالدىدىكى لىپاپىدىن چىققان ئىمتىھان سوئاللىرىغا يەنە شۇ جايىنىڭ ئۆزىدە جاۋاب يېزىشى كېرەك ئىدى. ئىمتىھان مەيدانلىرىدا ئۆزئارا پاراڭلىشىشقا، بىر - بىرىگە قاراشقا يول قويۇلمايتتى، خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئىمتىھان مەيدانىدىن ھەيدىلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىمتىھان مەيدانىغا كىرگەندە لۇتپۇللا، ئەلقەم، تۇرغانلار ئۈچ ئورۇنغا بۆلۈۋېتىلگەنىدى...

ئىمتىھان سوئاللىرىغا جاۋاب يېزىپ بولغىلى خېلى بولغان لۇتپۇللا ئەلقەم بىلەن تۇرغاننىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ ئولتۇراتتى، ئىمتىھان مەيدانىدىكى باشقا باللار بىر - بىرلەپ قەغەزلىرىنى تاپشۇرۇپ چىقىپ كېتىشكە باشلىدى. ئەمما ئەلقەم بىلەن تۇرغان تېخىچە قوزغالماي ئولتۇراتتى.

«ئەستاغپۇرۇللا، ئۇلار يازالمايۋاتقان بولسا كېرەك، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالارمۇ؟» دەپ ئويلىدى لۇتپۇللا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تاقىتى تاق بولۇپ. شۇ ئەسنادا ئەلقەم ئورنىدىن تۇرۇپ لۇتپۇللاغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ كۈلۈپ قويدى - دە، ئىمتىھان قەغىزىنى تاپشۇرۇپ چىقىپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن تۇرغانمۇ ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ چىرايىدىنمۇ خاتىرجەملىك، كۆزلىرىدىن كۈلكە چىقىپ تۇراتتى، دەل شۇ پەيتنى كۈتۈپ تۇرغان لۇتپۇللا دەرھال ئورنىدىن تۇردى - دە، ئىمتىھان قەغىزىنى تاپشۇرۇپ سىرتقا ئوقتەك ئېتىلدى...

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە لۇتپۇللا، ئەلقەم، تۇرغان ئۈچى ئىمتىھان نەتىجىلىرىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىگە باردى. تامغا ئۈرۈمچىدىكى ھەر خىل مەكتەپلەرنىڭ ئېلانلىرى چاپلانغانىدى، ئۇنىڭدىن باشقا ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرنىڭ تىزىملىكىمۇ چىقىرىلغانىدى. ئۇلار خېلى ئىزدىگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىدىكى مۇئەللىملەرنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپىنىڭ ئېلانىنى تاپتى. ئۇنىڭدا ئىمتىھاندىن ئۆتكەن قىرىق ئىككى نەپەر بالىنىڭ تىزىملىكى بار ئىدى. بۇ تىزىملىكنىڭ ئىككىنچىسىدە لۇتپۇللانىڭ، تۆتىنچىسىدە ئەلقەمنىڭ، ئالتىنچىسىدە بولسا تۇرغاننىڭ ئىسمى يېزىقلىق تۇراتتى.

ئۇلار ئۆز ئىسىملىرىنى قايتا - قايتا ئوقۇپ خۇشاللىقتا چۆمدى. بۇ قېتىمقى ئىمتىھانغا جەمئىي بىر يۈز قىرىق نەپەر بالا قاتناشقانىدى.

بۈگۈن لۇتپۇللا يەنە كىچىك ئاپىسى ھەجەربۈۋىنىڭ ئۆيىدە پەيدا بولدى، كىچىك ئاپىسى لۇتپۇللانىڭ قىن

- قىنىغا پاتماي سۆزلەپ بېرىۋاتقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ، لۇتپۇللانىڭ بۇ يىل يازلىق تەتىلدە نېمە ئۈچۈن نىلقىغا چىقمىغانلىقىنىڭ ۋە پات - پاتلا «غايىب» بولۇپ كېتىدىغان بولۇۋالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى تولۇق بىلىپ ھەيران بولدى ۋە چۆچۈپمۇ كەتتى.

– ئۈرۈمچىنى قەۋەتلا يامان يەر دەيدىغۇ، شۇنچە ۋاقىت ئوقۇغىنىڭمۇ يەتمەسمىدى، ئاتا - ئاناڭدىن يۇشۇرۇن قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىڭنى قارا سېنىڭ! مەن ئۇلارغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن - ھە؟ بۇ شەھەردىن ئۇ شەھەرگە بېرىش ئويۇن ئىشمۇ بۇ؟ ئۈرۈمچى دېگەن نەدە، بىلەمسەن؟ بىر ئايلىق يەردە! ماشىنىدا ماڭغان تەقدىردىمۇ ئون كۈن كېتىدۇ، دەيدۇ.

كىچىك ئاپىسىنىڭ بۇنداق سۆزلەپ كېتىشىنى كۈتمىگەن لۇتپۇللانىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىق ئەجەبلىنىشكە ئالماشتى.

– جېنىم كىچىك ئاپا، – دېدى لۇتپۇللا كىچىك ئاپىسىنى قايىل قىلىشنىڭ ناھايىتى تەسلىكىنى سېزىپ، – مەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئوقۇشنى ئۆزۈمدىن بېرى ئويلاپ يۈرەتتىم، ئەمدى بۇ يولدىن قايتمايمەن. سەن مېنىڭ تەرىپىمدە تۇرۇپ دادام بىلەن ئاپامغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ قويغىن. ئەسلىدە مەنمۇ دادام بىلەن ئاپامنى خاپا قىلىشنى خالىمايمەنغۇ؟ ماڭا بىلىم كېرەك! يالغۇز ماڭىلا ئەمەس، ھەممىمىزگە بىلىم كېرەك. بىلىم بولسا تېخىمۇ ياخشى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. بىز يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن يولغا چىقىدىكەنمىز، يولغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تەييارلىق قىلىدىغان، ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلىرىم بىلەن خوشلىشىدىغان ئىشلىرىم بار...

كىچىك ئاپىسى ئەمدى ۋاقىتنىڭ ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلدى - دە، نائىلاج لۇتپۇللانىڭ دېگىنى بويىچە نىلقىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا خەۋەر بېرىشكە تەرەددۇت قىلدى.

# ئاخىرقى ھەدىيە

ئۈمىد پارلاق... يىللار ئېغىر،
مەنزىل داۋاملىق سەپەردە.
دۈشمەن ئاكوپى ھەر قەدەمدە،
توساق سىملار ھەر يەردە.
...
پولات ئىزلار شۇلار باسقان
تائەبەد ھېچ كۆمۈلمەس.
يالقۇن ئوتلار ئۇلار ياققان
لاۋۇلدار، مەڭگۈ ئۆچمەس.

(لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «تۇن يېرىپ ئىزلار باسقاندا» دېگەن شېئىرىدىن)

ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرلىرى، شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش قاراۋۇللاردەك سەپ تارتقان ئاق تېرەكلەرنىڭ ئۇچلىرىنى قىزغۇچ مىس رەڭگىدە تاۋلىماقتا. دائىم خىلۋەت تۇرىدىغان ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئالدىدىكى مەيدان بۈگۈن تاڭ سەھەردىلا بازاردەك ئاۋاتلىشىپ كەتكەن. بۇ يەرگە توپلانغان كىشىلەر ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ماڭىدىغان بالىلىرىنى ئۇزىتىش ئۈچۈن كېلىشكەنىدى. ئۇلار سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېگى ئادرېسى




تۇرغان باللىرىغا ئامانلىق تىلەيتتى، ئۆز ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى تاپلايتتى، بەزىلىرى ئۇزاق مۇددەتلىك بۇ ئايرىلىشقا چىدىماي كۆز يېشىمۇ قىلاتتى، باللار چۈشكەن ماشىنىلار ئورنىدىن قوزغالغاندا مەيداندىكى شاۋقۇن - سۈرەن تېخىمۇ ئەۋج ئالدى. يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرمۇ بۇ مەنزىرىگە قىزىقىپ قارىشىپ تۇراتتى.

ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ماشىنا مېڭىشقا تەييارلاندى. بۇنىڭ بىرىگە لۇتپۇللا، ئەلقەم ۋە تۇرغانلار چۈشكەن بولۇپ، ماشىنىدا جەمئىي ئوتتۇزچە باللا بار ئىدى.

لۇتپۇللانى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن نىلقىدىن كىچىك دادىسى مەسۇمئاخۇن، سىڭلىسى رەيھان كەلگەن، شەھەردىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن كىچىك ئاپىسى ھەجەربۇۋى ۋە باشقىلار يىغىلغانىدى. مەسۇمئاخۇن يېنىدىن پۇل چىقىرىپ لۇتپۇللاغا تۇتقۇزدى. سىڭلىسى رەيھانمۇ ئاكىسى لۇتپۇللاغا بىر قۇر يېڭى كىيىمنى يوللۇق قىلىپ تۇتتى.

شۇ كۈنى لۇتپۇللانى ئۇزىتىش ئۈچۈن ئەنۋەر ناسىرىمۇ كەلگەنىدى. لۇتپۇللا ئۇنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە ماشىنىدىن چۈشۈپ كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى ئەنۋەر ناسىرىغا سۆزلەشكە باشلىدى.

– كەلگىنىڭىز ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، ئەنۋەركا! راستىمنى ئېيتسام، ئاخشام سىزنىڭ يېنىڭىزدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى. ئېيتقانلىرىڭىزنى بىر - بىرلەپ ئويلىدىم. مەن ئالدىراپ نۇرغۇن ئىشلارنى چالا قىپتىمەن، شۇڭا كۆڭلۇم يېرىم



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرىسى



بولۇپ قالدى. بىر شېئىرمۇ يېزىپ قويغانىدىم، ــ لۇتپۇللا گىمناستوركىسىنىڭ مەيدە يانچۇقىدىن «خوش» دېگەن شېئىر يېزىلغان ئىككى ۋاراق قەغەزنى چىقىرىپ ئەنۋەر ناسىرىغا سۇندى.

ئەنۋەر ناسىرمۇ لۇتپۇللاغا بىر ئاق شەپكە ئالغاچ كەلگەنىدى. ئۇ شەپكىنى لۇتپۇللاغا ئۇزىتىپ دېدى:

ــ ئۇكام، ساڭا ئاق يول تىلەيمەن، ئوبدان ئۇگەن. ھېرىپ - چارچاشتىن، خەتەردىن ۋە قىيا تاشلاردىن قورقمىغان ئادەم داۋان ئاشالايدۇ. قانچە ئېگىز داۋانغا چىقساڭ، شۇنچە يىراقنى، كەڭ جاھاننى كۆرەلەيسەن!

ــ خەير - خوش! ــ دەپ قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى ئۇزىتىشقا كەلگەنلەر.

ــ خەير - خوش، ئامان بولۇڭلار! خەير - خوش، پات - پات خەت يېزىڭلار! ــ دەپ ۋارقىرىدى لۇتپۇللا ئۆزىگە قاراپ قول ئىشارىسى قىلىۋاتقان كىچىك دادىسى، كىچىك ئاپىسى، سىڭلىسى ۋە ئۇستازى ئەنۋەر ناسىرىغا قاراپ...

مانا، ئاخىرقى ئىككى ماشىنىنىڭ يولغا چۈشكىنىگىمۇ خېلى بولدى. ئاۋات غۇلجا شەھىرى ۋە شاۋقۇن - سۈرەنلەرمۇ ئۇزاقتا قالدى. ماشىنىنىڭ كەينىدىن قويۇق چاڭ - توپا پۇرقىراپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلەتتى. بالىلارنىڭ بەزىلىرى ماشىنا كابىنكىلىرىدا كوزۇپلىرىغا يۆلىنىپ ئۆرە تۇرغان، بەزىلىرى بولسا ئولتۇرۇۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەتراپتىكى گۈزەل مەنزىرىلەرگە زوقلىنىپ يىراق - يىراقلارغا تەلپۈنسە، يەنە بەزىلەر ئۆزئارا تونۇشاتتى، كەلگۈسىدە

نېمىلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقى، ئىستىقبالىنىڭ قانداق بولۇشى مۇمكىنلىكى ھەققىدە پىكىرلىشەتتى. قىسقىسى، ئۆزلىرى ئۈچۈن يېڭى بولغان بۇ سەپەرنىڭ ئاللىقانداق تۇيغۇسىدىن ھەركىم ئۆزگىچە تەسىرات ئالغان بولغاچقا، ئۇنى ئىبارىلىرىدا ئىپادىلەپ بېرىشكە ئىنتىلەتتى. شۇڭا، ماشىنا كوزۇپى خۇددى ھەسەل ھەرىلىرى قاچىلانغان ساندۇقتەك ۋاژىلداپ كەتكەندى. بۇ ۋاژىلداش ماشىنا ئوڭغۇل - دوڭغۇل يوللاردىن ئۆتكەندە چايقىلىپ قىيقاس - چۇقانغا ئايلىنىپ كېتەتتى. ماشىنا تۈز يوللارغا چۈشكەندە بولسا، ئۇنىڭ گۈرۈلدىشى بالىلارنىڭ سۆھبىتىگە تەڭكەش بولاتتى.

لېكىن، قىزىق! لۇتپۇللا ماشىنىنىڭ كەينى تەرىپىدىكى كوزۇپقا يۆلەنگىنىچە بىر قولىدا ئەنۋەر ناسىرى بەرگەن ئاق شەپكىنى چىڭ تۇتقان ھالدا سوزۇلۇپ ئارقىدا قېلىۋاتقان كۆل رەڭ يولغا تىكىلگىنىچە ئۈن - تىنسىز كەلمەكتە ئىدى.

— ئۇنىڭغا نېمە بولدىكىنە؟ بۈگۈن باشقىچىلا بولۇپ قاپتىغۇ؟ — دەپ ئەجەبلىنىپ سورىدى ئەلقەم تۇرغاندىن.

— ئىجادىيەت ئۈستىدە ئويلاۋاتقاندۇ. مەيلى، دىققىتىنى بۆلمەيلى، — دېدى تۇرغان ئۇنىڭغا قاراپ.

لۇتپۇللا ھەقىقەتەن كۆپ نەرسىلەرنى ئويلاۋاتاتتى. بىراق، ئۇنىڭ ئويى ئىجادىيەت ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى ئۆتكەن ھاياتىدىكى ۋەقەلەر ئۈستىدە كېزەتتى، سۆيۈملۈك نىلقا ۋە ئۇ يەردە ئۆتكۈزگەن گۈزەل بالىلىق دەۋرى، ئۇنىڭدىن كېيىن جەڭگىۋار شەھەر غۇلجا، ئۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com



بىلىم بەرگەن مەكتەپ، ئۇنى ئايانماي تەربىيەلىگەن ئۇستازلار... بۇلار شۇنچىلىك روشەن ۋە ئېنىق ھالەتتە ئۇنىڭ كۆڭۈل خاتىرىسىگە مەھكەم ئورناپ كەتكەنىدى. لۇتپۇللا يولغا چىقىدىغان كۈنى كېچىسى بىر مىنۇتمۇ كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزدى، ئۇ ھاياجان ئىلكىدە ئىدى. ئۇ نىلقىدىن غۇلجا شەھىرىگە كىرگەندىن بېرى ئۆزىنىڭ ھاياتىدا يېڭى بىر مەنزىرە ئېچىلغانلىقىنى ئەسلىدى. ھاياتمۇ ھەم گۈزەللىشىپ، ھەم مۇرەككەپلىشىپ، ھەم ئۆتكۈرلىشىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى...

ماشىنا بىر ئازگالغا دۈچ كېلىپ قاتتىق چايقالدى. لۇتپۇللامۇ ماشىنىغا ئەگىشىپ بىر تەۋرەندى - دە، ئۆزىنى ئوڭشاپ يەنە تىك تۇردى. ئۇ ئەمدى ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. ئۇ گويا بۇگۈنكىدىنمۇ ئوچۇق، بۇگۈنكىدىنمۇ يارقىن كۈننى كۆرمىگەندەك ئىدى. قۇياش نۇرى بىلەن سۇغىرىلغان تەبىئەت كۆز تالدۇرۇپ جىمىرلايتتى. زېمىننى زىننەتلەپ تۇرغان دەل - دەرەخلەر، ئوت - چۆپلەر، يېيىلىپ ياتقان ئېتىزلاردىكى خامانلارغا دۆۋىلەنگەن بۇغداي، قوناق، ئارپا، سۇلۇلاردىن تارقىلىۋاتقان يېقىملىق بىر ھىد ساپ ھاۋاغا قوشۇلۇپ دىماغقا ئۇرۇلاتتى. يىراقتا، ناھايىتىمۇ يىراقتا غايەت زور ئالمىلىق باغدەك كۆرۈنۈپ تۇرغان شەھەر غۇلجىنى يېيىپ ياتاتتى.

لۇتپۇللا بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ، بەك سۆيۈندى. ئۇ ھەتتا ۋىل - ۋىل قىلىپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئالۋۇن تەپتىگىمۇ قىزىقسىنىپ باقتى، كۆز ئالدىدىن غايىب بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بۇ مەنزىرىلەرنى قەلب دەپتىرىگە

ئېنىق چۈشۈرۈۋېلىشنى ئىستەپ ئۇلارغا تويماي قارايتتى.

ماشىنا يەنە چايقالدى. چايقالدىلا ئەمەس، ئۆرۈلۈپ كېتەيلا دەپ قالدى، ھەممە قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈشۈپ ئاندىن جىمىدى. لۇتپۇللانىڭمۇ خىيال يىپى بىر پەس ئۈزۈلۈپ يەنە ئۇلاندى. ئالدىدا تاغ يولى باشلانغانىدى. تاغلارنىڭ ھەربىر قىيالىرى، جىرالىرى ناھايىتى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى، تاغنىڭ ئۇچلۇق چوققىلىرى، ئالتۇن رەڭگە پۈركەنگەن بولۇپ، چوڭقۇر جىلغا، جىرالىرىدا ئۆسكەن قويۇق يوپۇرماقلىق تاغ دەرەخلىرى يېشىل رەڭدە يالتىرايتتى، تاشتىن تاشقا سەكرىشىپ ئېقىۋاتقان تاغ سۇلىرىدىن چاچرىغان ئاق مارجاندەك سۇ تامچىلىرى ئېگىز كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن يامغۇر بولۇپ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىغا سېپىلەتتى...

ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا مائارىپ ئىدارىسى ئالدىدىكى خوشلىشىش مەنزىرىسى كېلىۋالدى. ئۇنى ئۇزىتىش ئۈچۈن كۆپ ئادەم كەلگەنىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە لۇتپۇللا تونۇمايدىغانلارمۇ لۇتپۇللانىڭ قولىنى قىسىپ خوشلاشقانىدى، ئەمما ئۇ چاغدا لۇتپۇللا ئۇلارغا ئانچە ئېتىبار قىلماي، ئۇلارنىڭ قوللىرىنى بوشلا قىسىپ قويغانىدى، يەنە بىرمۇنچىلار ھەتتا: «لۇتپۇللا، خەير - خوش، بىزنى ئۇنتۇما، بىزمۇ سەن بىلەن بىللە...» دېگەنىدى. «بۇلار نەدىن پەيدا بولغان ئادەملەر؟ مېنىڭ بۇنچە كۆپ ئۇلپەتلىرىم يوق ئىدىغۇ؟!» دەپ ئەجەبلەنگەن ئىدى لۇتپۇللا شۇ چاغدا.

ئۇ ئەمدى كىچىك دادىسىنى ھەم ئۇنىڭ ئۆزىنى بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

چەتكە تارتىپ دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلىدى: «لۇتپۇللا، سېنىڭ ئۇرۇمچىگە نېمىگە كېتىۋاتقىنىڭنى چۈشىنىمەن، بىراق ئېهتىيات قىل. مەن ساڭا ئوچۇقىنى ئېيتسام، ئۇرۇمچى هازىر ئادەم يۇتىدىغان ئوپقانغا ئايلىنىپ كېتىۋاتىدۇ جۇمۇ. بىز ئۇچۇن سېنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىش بەكمۇ ئېغىر! بەكمۇ ئېغىر! ئامال بار ئوقۇشنى پۈتكۈزۈپلا تېزرەك قايتىپ كەلگىن...»

لۇتپۇللا بىردىنلا دادىسىنى ئەسلەپ كەتتى، لۇتپۇللا دادىسىنى ياخشى كۆرەتتى. ئاشۇ دادىسى لۇتپۇللا ئۇچۇن قانچىلىك مېهىر ئاتا قىلمىغان دەيسىز!؟ ھەتتا دادىسىنىڭ قاتتىق قوللۇقلۇقىمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا لۇتپۇللاغا پايدىلىق بولۇپ چىقتى، لۇتپۇللا دادىسىنىڭ تەرسا مىجەزىدىن ئىرادىنى ئۆگەندى، چۈشلۇقىدىن قەتئىيلىكنى ئۆزىگە سىڭدۈردى. دادىسىنىڭ قائىدە - يوسۇنلارغا بولغان ئىخلاسمەنلىكىدىن ۋەتەن، ئەل ئىشلىرىغا چەكسىز ساداقەت ۋە مۇھەببەت بىلەن بېرىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەندى. ئاچچىق قەھىر - غەزىپىدىن خەلق دۈشمەنلىرىگە بولغان مۇرەسسەسىز نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىكنى يېتىلدۈردى. دۇرۇس، لۇتپۇللانىڭ دادىسىدىن كۆڭلى ئاغرىغان ۋاقىتلارمۇ بولغان. بۇمۇ پەقەت بەزى ئىشلىرى قاتتىق قول ئاتىنىڭ دىتىغا ياقماي قېلىپ دادىسىدىن قاتتىق تەنبىھ ئاڭلىغان ۋاقىتلاردىلا يۈز بەرگەن ئىدى. گەرچە لۇتپۇللانىڭ گۆدەكلىك قىلىپ بىخەستەلىكتىن سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكى ئېنىق تۇرسىمۇ، بۇنداق چاغلاردا ھامان لۇتپۇللانىڭ ئاپىسى

ئارىغا كىرىپ جېدەلنى تۈگىتەتتى. ئاندىن يەنە دادىسىنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ: «داداڭنىڭ ساڭا كايىشى سېنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن، سېنى ياخشى ئادەم بولۇپ، ياخشى يولدا ماڭسۇن دېگەنلىكىدىن» دەپ لۇتپۇللانى جىملەيتتى.

ئەمدى لۇتپۇللانىڭ كۆز ئالدىغا ئاپىسىنىڭ مېھرىبان چىرايى كەلدى. «ئانا، مېھرىبان ئانا! ئالەمگە كۆز ئاچقىنىمدىن بۇيان سەن مېنى پەپلەپ، مەن ئۈچۈن كۆيۈپ - پىشىپ كەلدىڭ، مېنى دەپ كىرپىك قاقماي، ئۇزۇن تۈنلەرنى تاڭغا ئۇلىدىڭ، مەن تېخى يۇمران ئەت ۋاقتىمدىن باشلاپ سەن مېنى ئىسسىق باغرىڭغا تېڭىپ، ئۆز كۆكسىڭدىكى ھاياتلىق بېغىشلىغۇچى ئاق سۈتۈڭ بىلەن سۇغىرىپ مېنى قاتارغا قوشتۇڭ، مېنى قاتارغا قوشقۇچە قانچىلىك پۇچىلىنىپ كەتكەنلىكىڭنى مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟! مەن سېنىڭدىن ئۇزۇق ئېلىپ كۈندىن - كۈنگە چوڭ بولۇپ ۋايىمغا يەتتىم. قانچە يىللار، قانچە ۋاقىتلار مېنىڭ جىسمىم ساڭا بەزىدە خۇددى باھار مايسىلىرىدەك ئىللىقلىق ئاتا قىلىش، بەزىدە ۋايىم، ئەندىشە، كۈلپەتلەرنىمۇ ئېلىپ كېلىش بىلەن ئۆتتى - ھە؟ مەن بەزىدە بالىلىق تەنتەكلىكىم بىلەن سېنى خاپىمۇ قىلدىم...»

لۇتپۇللا ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئاپىسىنىڭ كۆڭلىنى تۇزۇكرەك ئالالمىغانلىقى ئېسىگە كەلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاپىسىنى بىر پەس بولسىمۇ كۆرگۈسى ھەم قۇچاقلاپ تۇرۇپ: «ئاپا، ئەھۋال ئەسلىدە مۇنداق ئىدى، سەن مېنىڭدىن رەنجىمە» دەپ چۈشەندۈرگۈسى كېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كەتتى، ئەمما كۆز ئالدىدا ئاپسى يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئورنىغا كەينىدە قېلىۋاتقان ئەگرى - بۈگرى يوللار، كۆز يەتكۈسىز تاشلىق چۆل كۆرۈنىدى.

«بىز ئەمدى قاچان كۆرۈشەرمىز؟ سان - ساناقسىز سىرلار بىلەن تولغان تەقدىر بىزگە نېمىلەرنى تەييارلاپ قويغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ بىز مەڭگۈلۈككە ئايرىلىۋاتامايدىغاندىمىز؟!» لۇتپۇللانىڭ كاللىسىدا يالت قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن بۇ پىكىر ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىۋەتتى. ئۇ ئىختىيارسىز تولغىنىپ ئېغىر تىنىدى. ئۇنىڭ سۇمباتلىق جىسمى تەۋرىنەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ تازا ۋە جىددىي چىرايى مەردانە ئىدى. كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ، قويۇق قارا چاچلىرى يەلپۈنەتتى، لەۋلىرى هاياجان ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلايتتى: «ئانا، جېنىم ئانا! شۇنچە ئۇزۇن سەپەرگە كېتىۋېتىپمۇ ئانىسىنى، دادىسىنى كۆرگىلى چىقمىدى دەپ مەندىن خاپا بولما، مەن سېنى جېنىمدىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرىمەن. سېنى، دادامنى، مېنى هەم پۈتكۈل خەلقىمىزنى قوينىدا ئۆستۈرگەن ئانا دىيارىمنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىمەن، مەن سېنىڭ ئۈچۈن، خەلقىم ئۈچۈن، ۋەتىنىم ئۈچۈن هەقىقەت ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن! هەقىقەت!

هېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، مەن بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىللار ئىلگىرى بىلىم ئاشۇرۇش ئىشتىياقى بىلەن نىلقا يولىدىكى تاش داۋانلاردىن هالقىغانىدىم، مانا ئەمدى بولسا هەقىقەت ئىزدەپ تەلكە داۋىنىدىن ئېشىۋاتىمەن. مەن پات - پاتلا هەقىقەتكە يېتىش ئۈچۈن مانا

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كۆرمىڭلىغان داۋانلاردىن ئېشىش لازىملىقىنى، ئۇنداق قىلماي تۇرۇپ ھەقىقەتنى تاپقىلى بولمايدىغانلىقىنى، تېخىمۇ مۇھىمى، ھەقىقەت ئىزدەش يولىدا ئىنتايىن مۇشكۈل خەتەرلەرنىڭ بارلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرمەن. بۇ يوللاردا ھەتتا ئەجەلنىڭ سويلاپ يۈرگەنلىكىنىمۇ بارغانسېرى چوڭقۇر سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن. بىراق، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مېنىڭ ئىرادەمنى تەۋرىتەلمەيدۇ، بەلكى مېنىڭ ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جاسارىتىمنى تېخىمۇ ئۇلغايتىدۇ! ئانا! جېنىم ئانا! سەن ئىشەنگىنكى، بۇ كۈرەشتە بەدەنلىرىم تىتىلىپ كەتسىمۇ، ئۇستىخانلىرىم ئۇۋۇلۇپ كەتسىمۇ ھەرگىز ئارقىغا يانمايمەن، تاكى ھەقىقەت غەلىبە قىلىپ، يەر - جاھان گۈلگە پۈركەنگۈچە كۈرىشىمەن، راست، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن!»

مانا بۇ لۇتپۇللانىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتى، كۈچ - غەيرەت، پەم - پاراسەت، ئەقىل - ئىدراك بەرگەن سۆيۈملۈك ئۇستازلىرى، ئۇنىڭغا دۇنياغا ئەكەلگەن جانجان ئاتا - ئانىسى ۋە ئۆزىنىڭ پىرى بولغان ئىلى خەلقىگە قىلغان ۋىدالىشىش نۇتقى ئىدى، شۇنىڭدەك ئاقباش تەڭرىتاغلىرىنىڭ گۇۋاھلىقىدا ئىلى دىيارىغا تەقدىم قىلغان ئاخىرقى ھەدىيەسى ئىدى!

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قىران بۈركۈت ئىلى دىيارىغا قايتىپ كەلمىدى. ۋەھالەنكى، بۇ دىيار ئۆز باغرىدا پەپلەپ ئۆستۈرگەن ئاشۇ ئوغلانىنىڭ مەردانە دىدارىنى كۆرۈپ، يالقۇنلۇق ئاۋازىنى ئاڭلاشقا بەكمۇ ئىنتىزار ئىدى.